
بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعاً وَلاَ تَفَرَّقُوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# المسلم الصيني


2

2006

ثقافية علمية جامعة



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى قوبۇل قىلدى.





رەئىس جيا چىڭلىن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى.



رەئىس جيا چىڭلىن ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندا مۇھىم سۆز قىلدى.




رەھبەرلەر رەئىس سەھنىسىدە.




يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش.



ۋەكىللەر يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا.



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد ئېچىلىش مۇراسىمىغا
قاتنىشىپ ۋەكىللەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.






مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركەز
بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ يەندۇڭ يىغىنىنىڭ
ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن
يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.



مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئەلى
يۈي جېنگۇي خىزمەت دوكلاتى بەردى.



ئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن
ۈن ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.



ۋەكىللەر رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.



ۋەكىللەر خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلماقتا.



مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمەكتە.



مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ «ئۈچ چارە» توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمەكتە.



مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سالىھ ئومۇمىي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا.



ۋەكىللەر گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ بارماقتا.




ۋەكىللەر يىغىننىڭ ھەر تۈرلۈك قارارلىرىنى ماقۇللىماقتا.

## ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن كەلگەن مۇسۇلمان ۋەكىللەر











# سەممىي كۆرۈشۈش، غايەت زور مەددەت

## — يولداش جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جاڭ يۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2 - ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ نىڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى. رەئىس جيا چىڭلىن رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەننىڭ يىغىن ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆتكەن نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

رەئىس جيا چىڭلىن، مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈ قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى سەممىي قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. رەئىس جيا چىڭلىن مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

بۈگۈن مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ۋە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرگە ھەمدە سىلەر ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا سەممىي سالام يوللايمەن ۋە بەخت تىلەيمەن. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي تەشكىلاتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە. يېرىم ئەسىردىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشىغا باشلامچىلىق قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشىنىدىغان، تايىنىدىغان مۇھىم كۈچ. يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئاتلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا داۋاملىق باشلامچىلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رەئىس جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى نامايان قىلىش، چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى كۈچەيتىش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى تۆت تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئومۇمىيلىق ئېڭىنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىش. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنى ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ مۇلازىمەت قىلىشقا، دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، ئىرادىسى ۋە كۈچىنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش، جاپالىق ئىشلەپ باي بولۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىگىلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەم تېز، ھەم ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك. (ئاخىرى 6 - بەتتە)

مۇندەرىجە

المسلم الصينى

## ئالاھىدە سەھىپە


سەمىمىي كۆرۈشۈش، غايەت زور مەدەت.................. ئۆز خەۋەرىمىز

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجى

داغدۇغىلىق ئېچىلدى.............................. ئۆز خەۋەرىمىز

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچى

نۇتقى.............................. ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن (

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچى

مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق (قىسقارتىلمىسى)............ ليۇ يەندۇڭ (

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچى

مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ....................يې شاۋۋېن (2

ۋەتەننى سۆيۈپ، دىنىنى سۆيۈپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامى

دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يې

سەھىپىسىنى ئاچايلى(قىسقارتىلمىسى) ... مۇھەممەد ئەلى يۈي جىنگۈي (

«جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە) توغرى

بىر بىر نەچچە چۈشەندۈرۈش .................... شەمشىدىن ھاجى (8

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى ........................(1

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى.

.......................................................... (35

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ يېپى

نۇتقى ..................... ئابدۇللىتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى (7

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىن

شىنجاڭلىق ۋەكىللىرى ئىسمىلىكى .............................. (0

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك شىنجاڭلىق ھەيئە

ئەزالىرى.......................................................(41

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزال

ئىسمىلىكى ........................................... (41

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ رەئىس، مۇئا


رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپى ئىسمىلىكى ........................ (2

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىل

ئىسمىلىكى ........................................... (42

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپل

ئىسمىلىكى ........................................... (42


**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

**中国穆斯林**

(季刊 پەسىللىك ژۇرنال)

(总第79期 ئومۇمىي 79 ـ سان)

باش مۇھەررىر :

شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :

ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :

شەمشىنۇر ھوشۇر

主　　编: 夏米西丁・哈吉

副 主 编: 巴拉提・热吉甫

技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德

封面设计: 夏美希努尔・吾守尔

刊号 ISSN1007－5836 :خەلقئارالىق نومۇرى

CN11－1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى

邮发代号 : 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى

Q1720 :چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى

国外代号: Q1720

E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

CHINA MUSLIM

مۇئسلام

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان..........
......مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (43)
االلاھقا تەۋەككۇل قىلىش، شۈكۈر ـ قانائەت ۋە تىرىشچانلىق......
......... ئابدۇرەھمان ئىسمائىل (48)

## ئىسلام دىنى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت

ەۋلادلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق تەربىيىلەيلى..........
......... ياقۇپ ھەمدۇللا، سادىق ياقۇپ (51)

## ۋەز ـ تەبلىغ

ەرەپ ـ نومۇسنى بىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ...........
......... ھاجى ئابدۇۋاھاپ (56)
سلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاك ۋە تەقۋادار بولۇشقا چاقىرىدۇ......
......... ئابدۇخالىق ئوسمان ھاجى (61)

## ئىسلام دىنى ۋە قانۇن

ىر قانچە قانۇن ماددىسى بىلەن قۇرئان كەرىمدىكى بايانلار ھەققىدە
سېلىشتۇرما.............. ياللقۇن كېرىم (65)

## ئىسلام ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

جۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ..........
......... ئىسمائىل ياقۇپ (72)

## ئالاھىدە خەۋەر

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن
ەچۈردى.......................................... (6)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

ئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى ...(77)
ەھەممەتتۇرسۇن ھاجى، ئەخمەتجان ئىسمائىل قاتارلىقلار خەۋىرى ...........(77)

## ئىسلام مائارىپى

ۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 2001 ـ يىللىق شىنجاڭ سىنىپى ئوقۇش پۈتتۈردى ....... (77)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

ىدىق تۇردى، تۇرسۇنتوختى مەتنىمن، مۆمىنجان قادىر قاتارلىقلار خەۋىرى ..... (79 ـ 78)

( بۇسان 2006 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى )

2006
2

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېل: 010 ـ 63513181 ، 83520073
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى يەنئەن يولى119 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى:830001
تېل: 0991 ـ 2566193
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەئەللەرگە تارقىتىدۇ.
(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)

主　　办: 中国伊斯兰教协会
编辑出版:《中国穆斯林》维文编部
印　　刷: 中央民族大学印刷厂
订阅、发行: 全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局;《中国穆斯林》维文编辑部
地址: 北京市宣武区南横西街 103 号
邮编: 100053
电话: (010) 63513181, 83520073
新疆发行站:乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编:830001 电话: (0991) 2566193
国外发行: 中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالار، باۋئەن قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئىقتىساد، ئەدەبىي سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بولۇپ 360تەك كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن شىنجاڭلىق ئىمام ئابلىمىت قارىينىڭ قىرائىتى بىلەن باشلاندى.

سىرتتا خىزمەتتە بولۇۋاتقان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۇ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېنغا ئالاھىدە ھاۋالە قىلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرگە سالام يوللىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزى كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرىشىت ھەمدە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپكە بىنائەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى ۋە ليۇ يەندۇڭ، يې شياۋۋېن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ليۇ يەندۇڭ ئۆز سۆزىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە بۇ ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش، كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاسىتىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەملىشىش، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى ئىجادىي تۈردە قانات يايدۇرۇش، ھەجگە تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي - دىنىي ئامىللارغا چېتىلىدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ۋە ئوينىغان ئالاھىدە رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش؛

2. جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش؛

3. ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئويغۇنلىشىشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەقىدىلەردىكى جەمئىيەت يۈكسىلىشىگە پايدىلىق مەزمۇنلارنى تىرىشىپ قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش؛

4. ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تۇرغۇزۇش .

يولداش يې شياۋۋېن ئۆز سۆزىدە: ئالتە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، چېن گۇاڭيۈەن داموللا رەئىسلىكىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بەلگىلىگەن تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنىنىڭ ئىناقلىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، دۆلەت بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى، دېدى.

يې شاۋۋېن مۇنۇلارنى نۇقتىلىق تەكىتلىدى: جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشىنىڭ نېگىزلىك

تەجرىبىلىرىنى قەدىرلەش كېرەك: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش كېرەك: جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى "ئىناقلىق"نىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى قېزىش ۋە نامايان قىلىش كېرەك: دۇنيا خرىستىئان مەدەنىيلىكى بىلەن ئىسلام مەدەنىيلىكىنىڭ مۇلاقىتى ۋە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتى توغرىسىدا، ئۇ مۇنۇلارنى ئۈمىد قىلدى:

يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئىلگىرىكى ياخشى ئەنئەنە، ياخشى ئىستىللارغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى يول، يېڭى چارىلارنى بەرپا قىلىشى كېرەك: ئىسلام جەمئىيىتى ئورگىنىنىڭ خىزمەت خادىملىرىنى ياخشى سەپلىشى ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى، ئورگاننىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك: "سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس"نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك شەرەپ-نومۇس قارىشى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، بارلىق خىزمەتچى خادىملارنى ئۆزىدىن باشلاش، ئۆز يېنىدىن باشلاش، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن باشلاش، شەرەپ-نومۇسنى بىلىش، توغرا كەيپىيات تۇرغۇزۇش، يېڭى ئىستىل بەرپا قىلىش، ساپانى ئۆستۈرۈش، ئوبرازنى تىكلەشكە يېتەكلىشى كېرەك: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىنى پىلان بويىچە سۈپەتكە ۋە سانغا كاپالەتلىك قىلىپ تاماملاش، ئىسلام ئىنستىتۇتىدا مۇقىم ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك: دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىدە "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دەرسلىكتىن ياخشى پايدىلىنىپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ئەقىدە ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك: ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي خادىملار ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتوتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي 7-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتكە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. دوكلاتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى سەككىز جەھەتتىن ئەسلەپ ئۆتۈلدى، ئىككىنچى قىسمىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا بەش جەھەتتىن تەكلىپ بېرىلدى(دوكلاتنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ژۇرنىلىمىزدا ئايرىم بېرىلدى).

يىغىندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى»(تۈزىتىلگەن لايىھە) توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى: مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ چىققان «ئۈچ چارە» توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى.

يىغىن «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى»(تۈزىتىلگەن لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى: «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى»(تۈزىتىلگەن لايىھە)، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى(لايىھە)، «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى»(لايىھە)نى قاراپ چىقتى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن ئېلان قىلىدۇ: يىغىندا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 8-نۆۋەتلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى ۋە 8-نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا دائىمىي ھەيئەت ۋە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ قاتارلىق رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى، كېڭەشمە ئارقىلىق مەسلىھەتچىلەر كۆرسىتىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 8-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنى يەنە مۇئاۋىن رەئىس يۈي جېنگۈينىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىشى توغرىسىدىكى قارارنى ۋە باش كاتىپ كۆرسەتكەن مۇئاۋىن باش كاتىپلار ئىسىملىكىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

يىغىن «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى قارارى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى(قارارنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ژۇرنىلىمىزدا ئايرىم بېرىلدى).

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللېتىپ داموللا ھاجى يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقىنى سۆزلىدى(يېپىلىش نۇتقى ژۇرنىلىمىزدا ئايرىم بېرىلدى).

ئاخىرىدا ئابدۇللېتىپ داموللا ھاجىم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2.مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىش. جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەت بىرلىكىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىشتە چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" قاتارلىق خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش. ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك يوللىرى ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جامائەت بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ يۈكسەلدۈرۈش، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جامائەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاكتىپچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

3.مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنە بىرقەدەم كۈچەيتىش. كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۆنىلىش ـ سىياسەتلىرىنى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللىرىنىڭ ۋە مەسچىتلەرنىڭ قۇدرىتى يەتكۈدەك ئەھۋالدا، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ۋە نامراتلارنى قۇتقۇزۇش، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش، مېيىپلار ۋە ياشانغانلارغا يار يۆلەك بولۇش قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇشنى داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

4.ئۆگىنىش ئېڭىنى يەنە بىرقەدەم كۈچەيتىش. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتى جەھەتتىكى يۆنىلىش ـ سىياسەتلىرىنى ۋە «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىدىكى بارلىق مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاش ۋە بېيىتىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش كېرەك. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى، دىنىي بىلىمى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە پېشقەدەم دىنىي زاتلار خاتىرجەم بولىدىغان، كەڭ ئېتىقادچى جامائەت خاتىرجەم بولىدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خاتىرجەم بولىدىغان لاياقەتلىك دىنىي خادىملار قوشۇنى قىلىپ چىقىش كېرەك.

---

## رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايون رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تېيىپ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلار ئىدارىسى) رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كېلىپ تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ باردى.

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ئالدى بىلەن بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى شانلىق نەتىجىلەر، 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز يۈزلىنىۋاتقان ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە تەرەققىيات كەلگۈسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، دىنىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، دىنىي سىياسەتلەرنى، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇشىنى تەكىتلىدى، ئارقىدىن بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ھەمدە ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئاخىرىدا رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ئىنستىتۇت رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنستىتۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. دىنىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان دىنىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

2. ساپا تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىتىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنىمۇ ئۆستۈرۈش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

3. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئىگىلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئىشخانىسى)

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ۋەكىللەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىكىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان بىرىنچى يىلىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس قارىشىنى ئۆگىنىۋاتقان، تەشۋىق - تەربىيە قىلىۋاتقان، ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىچىدە، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى كەسپداشلىرىمىزنىڭ بېيجىڭغا جەم بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسەلدۈرۈش چوڭ پىلانىنى ئورتاق كېڭىشىشى ئادەمنى تولىمۇ ھاياجانغا سالىدۇ. مەركەز ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ۋاقىت چىقىرىپ تەكلىپ بىلەن يىغىنىمىزغا ئىشتىراك قىلغانلىقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ يەردە بىز ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز ۋە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىۋاتقان ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئېچىلدى. 2000 - يىلدىكى 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىزگە ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى؛ «دىن ئىشلىرى نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى؛ خەلقئارادا ئىسلام دىنى تەدرىجىي ھالدا مەركىزىي نۇقتا ، قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتەن بىرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىدە ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى؛ تەشكىللىك ھەج خىزمىتىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز زورايماقتا؛ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇش تورىدە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى. 7 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، چىن دىل بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، ”ئىچكى جەھەتتە سايانى ئۈستۈرۈش، سىرتقى جەھەتتە ئوبراز تۇرغۇزۇش“نى ئومۇمىي خىزمەت تەلىپى قىلىپ، سالماقلىق بىلەن رىقابەتكە يۈزلىنىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ، جەمئىيىتىمىز خىزمەتچىلىرى بىلەن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى دەۋردە ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلام دىنىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى بىر يولىنى ئىزدىنىپ تاپتى. جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى، بىزنىڭ خىزمەت ئوي - پىكىرلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى خىزمەت يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى:”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“ مۇھىم ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم توغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمەت ئاساسىي يۆنىلىشىنى ۋە «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش؛ 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىگىلىك تەرەققىياتى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىش؛ كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاكتىپ ئاتلىنىپ، جۇڭگو ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋە «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە) نى قاراپ چىقىش ۋە ماقۇللاش: «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» (دەسلەپكى لايىھە)، «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى قاراپ چىقىش: 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئەتنى سايلاپ چىقىش، 8 ـ نۆۋەتلىك ھەيئەت 8 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتنى ۋە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ قاتارلىق رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ مەزمۇنى مول، ۋەزىپىلىرى ئېغىر. ۋەكىللەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. كۆپچىلىكنىڭ يىغىننىڭ ھەر خىل كۈن تەرتىپلىرىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشتىن سىرت، روھىي ئالارنى ئۆرغۇتۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ھەر قايسى جايلار خىزمىتىدىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى تەقدىم قىلىشقلارنى، ئەقىل ـ پىلان كۆرسىتىشلارنى، ئەقىل پاراستىلارنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنى ئىتتىپاقلىق، دېموكراتىك، ئەمەلىي ئىش قىلغان يىغىن قىلىشلارنى: ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان يىغىن قىلىشلارنى: ئىناقلىقتا تەڭ يۈكسىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان يىغىن قىلىشلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۆتكەن بىر نەچچە يىل ئىچىدە، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيلىك، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش جەھەتلەردە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇساپىدە چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. بىز جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر داۋاملىق ھالدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەملىكىتىمىزدىكى 20مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش توغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاج تېپىشى، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى باياشات، خەلقىمىزنى بەختلىك، ئامان ـ ئېسەن قىلغاي! دۇنيانى تىنچ ـ ئامان قىلغاي!

ۋەكىللەر ۋە مېھمانلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن. ئامىن!

---

(بېشى 11 ـ بەتتە)

لېكىن سىياسىي جەھەتتىن بىر قەدەر پىشقان، دىنىي بىلىمى بىر قەدەر يۇقىرى، ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى بىر قەدەر يۇقىرى ۋەكىللىك زاتلار يەنىلا نىسبەتەن كەمچىل بولۇپ، بۇ ھال دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەكتە، شۇنداقلا ئېتىقادچى ئاممىنى توغرا يېتەكلەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىگىمۇ تەسىر يەتكۈزمەكتە. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تىرىشىپ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە يەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى(ئىسلام مەكتەپلىرى)نىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىنى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشىنى، تىرىشىپ جۇڭگو دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بىر خىل ئوقۇتۇش يولىنى يارىتىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى رولى ناھايىتى چوڭ، كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئىگە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات قىلىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش بىرلىك سەپ ۋە دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەسئۇلىيىتى. ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ، دىنىي خىزمەت تارماقلىرى مەركەزنىڭ روھى ۋە تەلەپلىرىنى يەنىمۇ ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش مېخانىزمى جەھەتتە ئاكتىپ ئىزدىنىپ ۋە مېخانىزم تۈزۈپ چىقىپ، ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك يېتىشتۈرۈش پىلانىنى بەلگىلەپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېتىشتۈرۈش شەكىللىرىنى يارىتىپ، يېتىشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يېتىشتۈرۈش مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، يېتىشتۈرۈش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە چىڭ ۋە ئەمەلىي تۇتۇشى، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلى ۋە دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللىك زاتلارنىڭمۇ بۇ ئىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ئاكتىپ ماسلىشىپ، بىر نەچچە يىللىق ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپا ۋە دىنىي ساپاغا ئىگە، كەڭ ئېتىقادچى ئامما ھىمايە قىلىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدىغان ۋەكىللىك دىنىي زاتلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دوستلار، يولداشلار! ھازىر دۆلىتىمىز ئىش ئوڭ، كىشىلەر ئىناق، دۆلەت ئاسايىش، خەلق بەخت ـ سائادەت، دىنلار ئىناق ھالەتتە تۇرماقتا. ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى چوقۇم يېڭى ئەسىردە يېڭىچە ھاياتى كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنىڭ ئاسايىشلىقى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ. جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

---

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ( قىسقارتىلمىسى )

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

لىيۇ يەندۇڭ

ۋەكىللەر، دوستلار، يولداشلار:

مەن ئالدى بىلەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن كەلگەن مۇسۇلمان ۋەكىللەرگە سەممىي سالام يوللايمەن. كۆپ يىللاردىن بېرى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا مەدەت بەرگەن ۋە كۆڭۈل بۆلگەن ھەر قايسى ساھەدىكى زاتلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دىنىي خىزمەتكە ئەزەلدىن يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دىنىي خىزمەتنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى تۈپ يۆنىلىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ كەلدى: «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، دىنىي خىزمەتنى قانۇنلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى؛ مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىرتقى كۈچلەرنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە قەتئىي تاقابىل تۇردى؛ دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت ۋە ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى قوللاپ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتتىكى ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. مىللىي ئىناقلىق، دىنىي ئىناقلىق، جەمئىيەت ئىناقلىقىدىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، چېن گۇاڭيۈەن داموللام رەئىسلىكىدىكى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەمدە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جامائىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىگىلىك تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى؛ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدىكى جەمئىيەت ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاكتىپ مەزمۇنلارنى تىرىشىپ قېزىپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى ئىجادىي تۈردە قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىدىغان يېڭى ۋەز - تەبلىغنى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى ئارىسىدا كەڭ تەسىرگە ئىگە قىلدى؛ مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەج تاۋابقا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈردى، مۇناسىۋەتلىك ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى يۇكسەلدۈردى. بولۇپمۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي، دىنىي ئامىللارغا چېتىلىدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىپ، نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئالاھىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى توغرا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئۈنۈملۈك، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋەتەننى، دىننى سۆيىدۇ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئومۇمىيلىققا بويسۇنىدۇ، مۇقىملىقنى قوغدايدۇ، ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولىدۇ.

دوستلار، يولداشلار!

كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بىز يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتىمىز. يېقىندا 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنى ماقۇللىغان «خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى پروگراممىسى»دا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى بەش

يىللىق كۆرەش نىشانىسى ۋە ئاساسي ۋەزىپىلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى مەركەزلەشكەن. دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن 21 مىليون مۇسۇلمان جامائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر نەچچە ئۈمىدىمنى دەپ ئۆتمەكچىمەن:

**1. ئىلمي تەرەققىيات قارىشىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى**

ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈپ، يېزا ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېزىلاردىكى ئېتىقادچى جامائەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، جەمئىيەت ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى ۋە يۈكسەلدۈرۈشنى: دىنىي ئەقىدە، دىنىي ئەخلاق، دىنى مەدەنىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى كەڭ ئېتىقادچىلارنى ھەم ئېتىقادقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەم رېئال تۇرمۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەم ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەت ئۈچۈن تىرىشىدىغان، ھەم ھازىرقى رېئال بەخت - سائادەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىلىم - پەنگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى دېھقان بولۇپ، بالدۇرراق ئۆز يۇرتىنى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، يېزا قىياپىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇلۇشى دېموكراتىك سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

**2. جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدايلى**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى. سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى. كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ مەنبەسى. ھازىر مەملىكىتىمىزدە جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد روناق تاپقان، خەلق كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىدۇ. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا، كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلىي ئىشلەپ، چىن دىلى بىلەن ئاسرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىزدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بۇنىڭغا قارىتا، سەگەك تونۇشتا بولۇپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز ۋە تەخىرسىزلىكىمىزنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئەزەلدىن تىنچ - خاتىرجەملىكنى تەشەببۇس قىلىپ، پاراكەندىچىلىككە قارشى تۇرۇپ كەلدى، كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، چەكتىن ئېشىشقا قارشى تۇرۇپ كەلدى، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇپ كەلدى. «قۇرئان كەرىم»دە:"سىلەر ھەممىڭلار تىنچلىق دىنىغا كىرىڭلار" دېيىلگەن. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقالغاندىن كېيىنكى 1300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم تارىخىي يىللىرىدا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئارىسىدا دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئۇرۇش بولۇپ باققان ئەمەس. يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميىلىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى، كۆلىپەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىق ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت دىندارلىرى بىلەن دىنسىز ئامما، ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان ئامما ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىناق بىللە ئۆتۈپ، بىرلىكتە بەخت - سائادەتلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلانىڭ ئارزۇ - تىلەك ۋە سادالىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت دەۋالىرىنى نورمال ۋە قانۇنلۇق يول ئارقىلىق ئىپادىلەشكە يېتەكلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەيپىياتنى راۋانلاشتۇرۇپ، زىددىيەتنى پەسەيتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دىنىي ئەسەبىيلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋان تېررورلۇققا بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**3. ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەقىدىلەردىكى جەمئىيەت يۈكسىلىشىگە پايدىلىق مەزمۇنلارنى تىرىشىپ قازايلى ۋە جارى قىلدۇرايلى**

ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش ھەم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىدىن كۈتىدىغان ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇنداقلا، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقالغاندىن بۇيان، تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردىكى

جۇڭگو جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تەلپىگە تىرىشىپ ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇزلۇكسىز تۇردە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىش نەتىجىسىدە جۇڭگو ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ قالدى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ قالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر دىنىي تۈزۈم جەھەتتىن دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش جەھەتتە ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم باستى. يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئىسلام دىنىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىشىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر تەرەپ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى ، دەۋر يۈكسىلىشى ۋە ساغلام مەدەنىيلىككە پايدىلىق مەزمۇنلارنى قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئىسلام دىنى ”ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت“نى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ياشاش ئارقىلىق، ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئىناق بىللە تۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە رىغبەتلەندۇرىدۇ: سەممىي، راستچىل بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، سەبىيلەرنى ئاسراش ئارقىلىق ئىنسانلار ئارا ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ: قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەبىئەتكە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، مۇۋاپىق ئېچىش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئىدىيىلەر ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسىلىشكە ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىر قەدەر مەركەزلىك ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ئۇيغۇن، بۇلارنى يەنىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يېقىندا باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ئوتتۇرىغا قويغان «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس»نى يادرولۇق مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشى ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپلىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيىلەرنى مۇجەسسەملىگەن، ھازىرقى جۇڭگودىكى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئەڭ تۈپ قىممەت يۆنىلىشى ۋە ھەرىكەت مىزانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى بىلەن دەۋر روھىنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشىدۇر. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەممە ساھەدىكىلەر سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەڭ بىرلىكسەپ ساھەسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس»نىڭ چوڭقۇر ئىچكى مەنىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنى ئاڭلىق تۈردە ئەمەلدە كۆرسىتىشنى ھەمدە ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە مەزمۇنلارنى يەنىمۇ قېزىپ ۋە شەرھلەپ، بۇ ئارقىلىق كەڭ ئېتىقادچى جامائەتنى يېتەكلەپ ۋە تەربىيىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**4. ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تۇرغۇزايلى**

ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىش ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىش قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى نېگىزلىك تەجرىبىسى. شۇنداقلا، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتى ۋە دىنىي ئىشلار تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، ئۆزىنىڭ كەڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى ئارىسىدىكى دەۋەت تەسىرىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. دىنىي خادىملار تىرىشىپ دىنىي ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى كۈچەيتىپ، دىنىي بىلىمىنى ئاشۇرۇپ ھەم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى ھەم ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىشى كېرەك. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە بولغان يېتەكچىلىك، قوللاشنى كۈچەيتىپ، ئويۇمچانلىق ۋە جەلپكارلىقنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋە جىددىي بىر ۋەزىپە بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يېڭى بىر ئەۋلاد ۋەكىللىك دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈشكە يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار زىچ ماسلىشىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىسلام دىنى ساھەسىدە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياش ۋەكىللىك زاتلار تەدرىجىي يېتىشىپ چىقىپ، دىنىي خادىملار قوشۇنىدىكى ئۈزۈكلۈك مەسىلىسى يەڭگىللەشتى.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

يې شاۋۋېن

ھۆرمەتلىك ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، ۋەكىللەر، دوستلار:

بۈگۈن كۆپچىلىك بېيجىڭغا جەم بولۇپ، داغدۇغىلىق ھالدا جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىپ، ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ۋە خۇلاسىلەپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقماقچى. مەركەز رەھبەرلىرى بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئىسمائىل ئەھمەد، لىيۇ يەندۇڭ، بەي لىچېن ۋە ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ، يىغىننى تەبرىكلىدى. يولداش خۇي لياڭيۈ سىرتتا كاماندىروپكىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سەممىي سالىمىنى كۆپچىلىككە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئالاھىدە ھاۋالە قىلدى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ بىر قېتىملىق ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ئىلھام بەخش ئېتىدىغان يىغىن بولۇشىنى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ توغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپ ھەسسە قوشۇپ، يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلدى .

ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن رەئىسلىكىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشى ۋە تىرىشچانلىقى ئاستىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا بېكىتىلگەن ھەر تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، دۆلەت بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئاكتىپلىق بىلەن كۆپ تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپچىلىككە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن؛ ھەمدە ئالدىنقى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى ھاجى ئىلياس شېن شياشى، سابىق مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ھارۇنخان داموللا ھاجى، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىك ھاجى قاتارلىق يولداشلارنى چوڭقۇر خاتىرىلەيمىز!

يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى مەركىزىي كومىتېت دىنىي خىزمەتلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. يولداش جيا چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى ئۆزى بىۋاسىتە زىيارەت قىلدى ھەمدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت بىناسى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى؛ يولداش خۇي لياڭيۈ، يولداش لىيۇ يەندۇڭ كۆپ قېتىم ئىسلام دىنىغا دائىر يىغىنلارغا قاتنىشىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. ھازىر يولداش لىيۇ يەندۇڭ مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، بىزدىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئۆگىنىشىمىزنى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىزنى، " 11 - بەش يىللىق" يىرىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىزنى؛ جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىزنى؛ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەش، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئىچىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولغان مەزمۇنلارنى تىرىشچانلىق بىلەن قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەتراپلىق ، سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە تەلەپلەر بولۇپ، بۇندىن كېيىن ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدە مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز كۆپچىلىك بىلەن بىرگە ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ھەقىقىي تۈردە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

مەن تۆۋەندە دىن ئىشلىرى خىزمىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، يولداش لىيۇ يەندۇڭنىڭ مۇھىم نۇتقىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلىلەر، داۋاملىق كۈچەيتىشكە تېگىشلىك مۇھىم خىزمەتلەر، ئەستايىدىل تۇتۇشقا تېگىشلىك ئۆز قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ۋە تەكلىپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنىمەن.

## 1. چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلىلەر

ھەر قايسى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەكىللىرى بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن، ھەقلىق ھالدا "چوڭ ئىشلارنى

مۇزاكىرە قىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىلىش، ئۆز ساھەسىنى ئىدارە قىلىش» تەلىپى بويىچە، ئىستراتېگىيىلىك ، ئالدىنى كۆرەرلىك نەزەر بىلەن، مىللەتكە مەسئۇل بولۇش روھى بويىچە، جۇڭگو ئىسلام دىنى تەرەققىيات ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى زور مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلار، بۇ ھەقتە ئانالىز قىلىشىڭلار، چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىڭلار لازىم. مەن ئۆز مەسئۇلىيىتىم ۋە خىزمەت زۆرۈرىيىتىمنى چىقىش قىلىپ، خىزمەت داۋامىدا كۆپچىلىك بىلەن بىرگە مەركىزىي يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا، مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە دائىم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى يولداشلارغا مۇراجىئەت قىلىمەن.

**جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى قەدىرلىشىمىز لازىم.** 2000 - يىل 1 - ئايدا، مەن جۇڭگو ئىسلام دىنى 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا، يېڭى ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، يۈز يىللىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلىگەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنىدا ئەستايىدىللىق بىلەن خۇلاسە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەجرىبىلەر بار، دېگەنىدىم. بۇنى يىغىنچاقلىغاندا ''تۆتتە چىڭ تۇرۇش'' يەنى ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈش : مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش: ''دۆلەت قانۇنى شەرىئەت قانۇنىدىن ئۈستۈن'' دېگەندە چىڭ تۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاش: ئالغا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، چېكىنىشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ''تۆتتە چىڭ تۇرۇش'' بولسا خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇننىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ''تۆتنى قوغداش''نىڭ ئىسلام دىنىدىكى كونكرېت ئىپادىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي تەجرىبىسىدۇر.

**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى قوغدىشىمىز لازىم.** 2003 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە ئەسلىدىلا بار بولغان، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ياخشى ئوبرازنى بۈگۈن تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشىمىز: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە ئەسلىدىلا بار بولغان، بىلىمنى ھۆرمەتلەش، مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشتەك ياخشى ئوبرازنى بۈگۈن تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشىمىز: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە ئەسلىدىلا بار بولغان، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىقنى تەكىتلەشتەك ياخشى ئوبرازنى بۈگۈن تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشىمىز: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە ئەسلىدىلا بار بولغان، ئەقىللىق ۋە ئەمگەكچانلىق، ئىختىساسلىقلارنى كەينى - كەينىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىشتەك ياخشى ئوبرازنى بۈگۈن تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك، دېگەنىدىم. تىنچ تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگو، دۇنيادا ھېچ بىرىنىڭ چىشىغا تەگمەيدۇ ھەم بىرەرسىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئۆزىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭغا بوش كەلمەيدۇ. ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمايدۇ ھەم باشقىلارغا بېقىندى بولمايدۇ. دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرىدىغان دۇغلىنىپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلارغا ۋە ھەرخىل خاتا چۈشىنىشلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ ۋەتىنى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ جاۋابى شۇكى، ئىسلام دىنى تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان دىن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى قىزغىن سۆيىدۇ، قالايمىقانچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ، كەڭ قورساقلىق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى قەدىرلەيدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇۋاتقان يېڭى دەۋردە يېڭى يۈكسىلىشكە ئېرىشىپ، يېڭى - يېڭى نۇرلارنى چاچىدۇ. ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى ئەمەلىيەت جەريانىدا، يېڭىچە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم. ئىنسانىيەت تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىۋاتقان يېڭى ئەسىردە، يېڭىچە ئوبراز تىكلىشىمىز، يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئۆزىمىزنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك.

**دۇنيا خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇلاقاتى ۋە ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.** 2005 - يىل 12 - ئايدا، مەن جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى ئىچىدىكى''ئىناقلىق'' سۆزىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسىنى قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى بۇ تىنچسىز بولغان دۇنيا ئۈچۈن ئىناقلىق، ئىللىق شامال ئېلىپ كېلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى دېگەنىدىم. بۇ يىل مەن ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ بەزى داھىيلىرى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، بەزى ئىلھاملارغا ئېرىشتىم. بۈگۈنكى دۇنيادا تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق بولسا دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدۇر. ئەمما ئاساسىي ئېقىمنىڭ سىرتىدا يەنە يوشۇرۇن ئېقىنلار، شىددەتلىك دولقۇن ۋە داۋالغۇشلار مەۋج ئۇرماقتا. ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، مىللەت، دىنلار ئوتتۇرىسىدا، بىرى پەسەيسە، بىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، بارغانچە كۆچىيىۋاتقان قارىمۇ قارشىلىق ۋە توقۇنۇش ئىنسانلارنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە مەدەنىيىتىگە جەڭ ئېلان قىلماقتا. ئەمما قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىكى ھەرخىل دىنلار. جۈملىدىن خرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئىناقلىقتا بىرگە تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ دۇنيا خرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇلاقات ۋە ئىناقلىقنى يۈكسەلدۈرۈش مەسىلىسىدە سۆزىنىڭ سالمىقى بار. جۇڭگو بۇددا دىنى ساھەسىدىكى دوستلار سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. يېقىندا ئۆتكۈزگەن ''دۇنيا بۇددا دىنى مۇھاكىمە مۇنبىرى''دە ''ئىناق دۇنيا قەلبدىن باشلىنىدۇ'' دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ چاقىرىق كەڭ ھىمايىگە ئېرىشىپ،

يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلاندى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئوخشاشلا ئىناق دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسىنى قوشالايدۇ. بۇرۇندىن ''بەخت شامىلى شەرقتىن كېلىدۇ'' دېگەن گەپ بار ئىدى. هازىردا بولسا ''ئىناقلىق شەرقتىن كېلىدۇ'' دېگەن گەپ بار. كىشىلەر ''مەدەنىيەت توقۇنۇشى''دىن خورسىنىدۇ. بىز ''ئىللىق شامالنى غەربكە يوللايمىز''.

## 2. داۋاملىق كۈچەيتىشكە تېگىشلىك مۇھىم خىزمەتلەر

''چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىلىش'' بولسا تېخىمۇ ياخشى هالدا ''ئۆز ساھەسىنى ئىدارە قىلىش'' ئۈچۈندۇر. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن:

**بىرىنچىدىن، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش.** بۇ قېتىمقى يىغىن قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى»، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» ۋە «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى» ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»دىكى تۈزۈملىشىشنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ ۋە پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، مەسچىتلەرگە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، ئېتىقادچى ئاممىنى قانۇن دائىرىسى ئىچىدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى توسۇشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ رايون ھالقىپ قانۇنسىز دىن تارقىتىپ، ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، مەسچىت هوقۇقى ۋە مەسچىت مۈلكىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىشىدىن هوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇنى مەنئى قىلىشىمىز كېرەك. بەزى تەرىقەت ۋە مەزھەپلەردىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىدىن هوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇنى مەنئى قىلىشىمىز كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا ساغلام تەرەققىي قىلىشى، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئۈچۈن دىنىي تۈزۈملەرگە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇجابىي نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملىشىمىز، بۇرۇنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش - ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

**ئىككىنچىدىن، ''شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش'' خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش.** يولداش جيا چىڭلىن: بۇ ئاساسنى چىڭىتىدىغان، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىققا يېتەكلەيدىغان ئەھمىيەتلىك خىزمەت. ئۇ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەردىن ئاممىنى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تالىشىدىغان ئۇنۇملۇك خىزمەت. ئىسلام دىنىنى سوتسيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتىكى يېڭىچە مەزمۇنغا ئىگە خىزمەت، دەپ كۆرسەتتى. بىز خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقتا «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر» 1 - ، 2 - ، 3 - توپلاملىرىنى نەشر قىلىپ 400 مىڭدىن ئارتۇق تارقىتىش ئاساسىدا، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئوي - پىكرىنى كېڭەيتىپ، مەزمۇننى مولλاشتۇرۇپ، شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدە ئىدىيىسى ئاساسىي تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەقىدە ئىدىيىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ئىچىدىكى ئىجابىي مەزمۇنلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا ئىسلام دىنى ئەقىدە ئىدىيىسى قۇرۇلۇشى ئىچىدىكى ئىجابىي نەتىجىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، بىلىمگە هۆرمەت قىلىش، ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەت ئىزدەش، تىنچ بولۇش، ئوتتۇرھال يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، مېھرىبان بولۇش، خەيرلىك ئىش قىلىش روھىنى تەشۋىق قىلىشىمىز: ''جىھاد''نى توغرا تونۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ، دىندىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. داۋاملىق هالدا ''ئۈچ خىل كۈچ''كە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ''شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش'' خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان هازىرقى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن، يۇقىرى سەۋىيىلىك، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، ۋەز - تەبلىغ ئۆلگىلىرىنى يېزىپ چىقىپ، ھەقىقىي هالدا ئاخۇن، مولλىلارنىڭ سۆزلەشنى ياخشى كۆرۈشىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئۈچىنچىدىن، ھەج تاۋاپ خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش.** تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج تاۋاپ سىياسىتى ۋە''تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆلكىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش، ساھەلەر بويىچە باشقۇرۇش، ساھەلەر سان بويىچە تەستىقلاش، ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش'' خىزمەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، تارقاق ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار سانىنى ئازايتىپ، ھەقىقىي تۈردە ھەج تاۋاپ پائالىيىتىنى تەشكىللىك، پىلانلىق، تەرتىپلىك ۋە قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىزىغا چۈشۈرۈشىمىز كېرەك. مۇسۇلمانلارنى''ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەت ئىزدەش'' روھى بويىچە تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ، ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىش بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشنى

ياخشىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، قارىغۇلارچە بەسلىشىشتىن، تالىشىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ، "ھەج تاۋاپ قىزغىنلىقى" شەكىللىنىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە ئالاھىدە ھالدا تاقابىل تۇرۇش. يېقىنقى يىللاردىن بويان، چېگرا سىرتىدىكى بەزى دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار مەملىكىتىمىز ئىچىدە ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھالدا ئۆزىنىڭ گۇماشتىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، دىنىي تەرغىبات تايانچلىرىنى تەربىيىلىدى: مەملىكەت سىرتىدىكى بەزى دىنىي مەكتەپلەر مەملىكىتىمىزدە ئۆز ئالدىغا دىنىي جەھەتتىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى. بەزى ئەرەب تىلى مەكتەپلىرى ۋە دىنىي سىنىپلاردا دىنىي ئەسەبىي ئىدىيىلەرنى تارقىتىش، دىنىي ئەسەبىيلىككە قۇتراتقۇلۇق مەسىلىلىرى ۋە يوشۇرۇن ئاپەتلىرى مەۋجۇت بولماقتا؛ بەزى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى ئۆزلۈكسىز كۆرۈلمەكتە. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا چوقۇم يۇكسەك ھوشيار بولۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يوغىناپ كېتىپ، باشقۇرۇش تەس كېلىپ، بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاشقى دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ھەمكارلىقنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىز بىلەن ئەرەب-ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

بەشىنچىدىن، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، غەربىي رايوننى ئېچىشقا تۆھپە قوشۇش. مەركەز رەھبەرلىرى ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار تاسادىپىي ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى تەستىقىي يوليورۇقىدا، نۇقتىلىق ھالدا ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. "نۇقتىلىق ھالدا" دېگەن بۇ سۆز ئىشەنچ، مۇھىم تاپشۇرۇق، مەسئۇلىيەتتۇر. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئۆز پىكرىنى قانۇنلۇق توغرا يول بىلەن ئىنكاس قىلىشقا تىرىشچانلىق بىلەن يېتەكلەپ، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداپ، يامان كىشىلەرنىڭ ئالدىشىغا ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغا ئۇچراپ، ھەم جەمئىيەتتە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىپ ھەم ئۆزىنىڭ پايدا مەنپەئىتىگە زىيان سېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا پەسەيتىشى لازىم. پەقەت ئاسايىشلىق دۆلەت، بەخت-سائادەتلىك خەلق، ئىش ئوڭ، ئەل ئىناق بولغاندىلا جەمئىيەت ئىناق بولىدۇ. دۆلىتىمىز "11-بەش يىللىق يىرىك پىلان"نى يولغا قويۇش داۋامىدا، زور كۈچ بىلەن غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ھەمدە نوپۇس سانى يۈز مىڭدىن تۆۋەن بىر قەدەر كىچىك مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش-خەلقنى بېيىتىش پىلانى قاتارلىقلارنى ئالغا سۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار چوقۇم بۇنىڭ ئىچىدە يول ئاچقۇچى، يېتەكلىگۈچى، كۈرەش قىلغۇچىلىق رولىنى ئويناپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى دادىل ئىشقا سېلىپ، بارلىق ئەمگەك، بىلىم، تېخنىكا، باشقۇرۇش ۋە كاپىتالنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، بارلىق ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىدىغان بۇلاقنى تولۇق ئېتىلدۇرۇپ چىقىش كېرەك.

## 3. ئەستايىدىل تۇتۇشقا تېگىشلىك ئۆز قۇرۇلۇشى مەسىلىسى

ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ، بۇ جايدا نۇقتىلىق قىلىپ، رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە خىزمەت كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.**

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، بۇرۇنقى ياخشى ئەنئەنە ۋە ياخشى ئىستىللارغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى يوللارنى، يېڭى ئۇسۇل-چارىلەرنى ئېچىشى لازىم. ئىسلام جەمئىيىتى ئورگىنىنىڭ خىزمەت كوللېكتىپىنى ياخشى سەپلەپ ۋە ياخشى ئىشلىتىپ، ئورگاننىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. "سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سوتسىيالىستىك شەرەپ-نومۇس قارىشى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، پۈتۈن خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ، يېنىدىكىلەردىن باشلاپ، ئاز-ئازدىن باشلاپ، شەرەپ-نومۇسنى بىلىپ، توغرا كەيپىيات تىكلەپ، يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇپ، ساپانى كۈچەيتىپ، ئوبراز تىكلەشكە يېتەكلىشى لازىم. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئورگىنى ھەر قايسى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرىغا ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى كۆپلەپ چۈشەندۈرۈشى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىشى لازىم. ھەر قايسى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مۇسۇلمانلار بىلەن چوڭقۇر ئالاقە ئورنىتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇل-چارىلىرى، يېڭى يوللىرى ئۈستىدە بىرلىكتە ئىزدىنىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىق رولىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قان بىلەن گۆشتەك ئالاقە مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىشى لازىم.

(ئاخىرى 39-بەتتە)

# ۋەتەننى سۆيۈپ، دىننى سۆيۈپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچايلى

—— جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا بېرىلگەن خىزمەت دوكلاتى (قىسقارتىلمىسى)

(2006 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ۋەكىللەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال كۈچى ۋە خەلقئارالىق ئورنى يەنە بىر قەدەم ئۆستى. شەھەر - يېزىلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەنمەكتە. جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى مانا مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە ئېچىلغان، ئۆتكەنكى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سېلىش يىغىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىل - پاراسەت ئاتاشقا سەپەرۋەر قىلىش كاتتا يىغىنى.

2000 - يىلى 1 - ئايدا ئېچىلغان جۇڭگو ئىسلام دىنى 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن كېيىنكى ئالتە يىلدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمى ئاستىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى چېن گۇاڭيۈەن داموللا رەئىسلىكىدىكى 7 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ باشچىلىقىدا ئىدىيىنى ئازادىلاشتۇرۇپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، 7 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا بېكىتىلگەن فاڭجېنىغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىپ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، مىللەتلەر ئىناقلىقى، دىن ئىناقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

## ئۆتكەن ئالتە يىللىق خىزمەتلەر ھەققىدە ئەسلىمە

1 . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاكتىپ ياردەمدە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق.

ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش يولىدا ئېغىشماي مېڭىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاكتىپ ياردەمدە بولۇش، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئىسلام دىنى جەھەتتە يۈز بەرگەن تەسادىپىي ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا تىرىشىپ ھەمكارلىشىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ئىناق بولۇشىدەك چوڭ ۋەزىيەتنى قوغداش —— جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. ئالتە يىل مابەينىدە، جەمئىيىتىمىز دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىنىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن "ياڭشىن ۋەقەسى"نى شۇنداقلا نەشرىيات بۇيۇملىرى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان10 نەچچە قېتىملىق تاسادىپىي ۋەقەنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەمدە بولدۇق. سارس كېسىلى تارقالغان مەزگىلدە ۋاپات بولغان مۇسۇلمانلارنى دەپنە قىلىش مەسىلىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەمدە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئاممىدىن كەلگەن كۆپلىگەن خەت - چەك، تېلېفون ۋە ئەرزىيەت ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىناق، مۇقىم بولۇشتەك چوڭ ۋەزىيەتنى شۇنداقلا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتا تېگىشلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇردۇق.

«دىن ئىشلىرى نىزامى» نىڭ ئېلان قىلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ دىن خىزمىتى جەھەتتىكى زور ئىش بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى قوغداش، دىنىي ئىناقلىق ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقىنى قوغداش، دىنىي ئىشلارنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى

پۇختا قانۇنچىلىق كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىزنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇشىمىزنى روشەن ئاساسقا ئىگە قىلدى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى «نىزام»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى قىزغىن قوللىدى. دىنىي ئىشلارنى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، «دىن ئىشلىرى نىزامى»غا ماسلىشىپ، مەسچىت ۋە دىنىي خادىملارغا بولغان قېلىپلاشقان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى»(لايىھە)، «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى»(لايىھە)نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە دەۋر تەرەققىياتى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى»نى قايتىدىن تۈزىتىپ چىقىپ، بۇ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇندى.

2005-يىل، دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 60يىلغا تولغان يىلى بولغانلىقتىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ئۇقتۇرۇش تارقاتقاندى، ھەر قايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار تەنتەنىلىك تىنچلىق تىلاۋىتى ئۇيۇشتۇرۇپ ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىنچلىقنى سۆيۈش، تىنچلىقنى قوغداش ئىستىل ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى.

"11-سېنتەبىر ۋەقەسى"دىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىشىغا قارىتا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىنچلىقنى سۆيۈش، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش مەۋقەسىنى روشەن ئىپادىلىدى. ئىراق ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا «ئامېرىكا-ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش توختىتىشىنى كۈچلۈك مۇراجىئەت قىلىمىز» دېگەن كەسكىن باياناتنى ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پرىنسىپاللىق مەيدانىنى قوغداپ، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئازاب چېكىۋاتقان ئىراق خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەمئىيەت رەئىسى چېن گۇاڭيۈەن داموللا «پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق خەت»نى ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئېھتىياتچان، سوغۇققان بولۇشىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئوبرازىغا ۋە مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭدەك، يەنە خەلقئارادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە، مەسىلەن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ مەھبۇسلارنى خورلاش ۋەقەسى، ھىندى ئوكيان تەۋەسىدىكى يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان دېڭىز تاشقىنى، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەرافاتنىڭ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشى، ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئىسلام دىنىغا ھاقارەت كەلتۈرگەن ھەجۋىي رەسىم ۋەقەسى قاتارلىق زور خەلقئارالىق ۋەقەلەرگە قارىتا جەمئىيىتىمىز دەل ۋاقتىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ، دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ كەسكىن مەيدانىنى ۋە چىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئارا سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلىنىپ، نازارەت قىلىش ھەققى ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇردى. شۇنداقلا يەنە ھەر قايسى جايلاردىكى زاۋۇتلارغا قارىتا نەق مەيدان تەكشۈرۈش ھەمدە مۇسۇلمانچە گۆش يېمەكلىكلىرىنى ھالال ئېكسپورت قىلىشقا نازارەتچىلىك قىلىش-ئىسپات بېرىش ۋە باشقا يېمەكلىكلەر. قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە بولغان نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئېھتىياجىنى قامداش، مۇسۇلمانلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

2. دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى دىنىي ئىشلارنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردۇق.

ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان خەلقئارالىق ۋەزىيەت ۋە دۆلىتىمىز ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، جەمئىيەت نىزامنامىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جەمئىيىتىمىز 2001-يىلى 4-ئايدا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنى قۇرۇپ چىقتى. دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھازىرقى جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زور ئىش، بۇ جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسى ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ پاكلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم تەدبىر.

دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھازىرقى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى دىنىي تۇرمۇش ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەم دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھەم دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا شەرھلىدى: شىنجاڭدىكى "ئۈچ خىل كۈچ"نىڭ ئىسلام دىنىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئويدۇرۇپ چىقارغان بىدئەت سەپسەتىلىرىگە قارىتا، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كۆپ قېتىم خىزمەتچى خادىملارنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا بەلگىلىك

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ۋەز ـ تەبلىغ قىلىشتىكى يېتەكچى قوللانما سۈپىتىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتىكى «يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» (1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توپلام) نى تۈزۈپ نەشر قىلىپ، شىنجاڭ ۋە باشقا جايلاردىكى مەسچىتلەردە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارغا تارقىتىپ بەردى. قوللانمىدا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دىنىي ئەقىدىسى، شەرىئەت قارىشى تەشۋىق قىلىنىپ ۋە تونۇشتۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىنتىپاقلاشتۇرۇلۇپ، تەربىيىلىنىپ ۋە يېتەكلىنىپ، شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كۈچلۈك مەدەتكە ئىگە قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى قوغدالدى. «يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» دىنىي كىتابلارنى ئاساس قىلىش، دىنىي ساھە، مۇسۇلمانلار ئاممىسى، ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن ئىبارەت ”ئۈچ تەرەپ رازى بولۇش“نى پرىنسىپ قىلغانلىقتىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، يېڭى ۋەز سۆزلەشنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى ۋە راۋاجى بولۇپ، ھازىرقى دۇنيا ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇھىم تەدبىر ۋە يېڭى ئىزدىنىش. ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتى ۋە «يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» ۋەتەننى، دىنىي سۆيۈش، تىنچلىق، ئىناقلىق، ھەمكارلىق، ئەپۇچانلىق، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت ئىزدەش قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش يولىغا باشلىدى. بۇ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەشتىكى مۇھىم يول ۋە پايدىلىق سىناق: شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، قوشۇننى تاۋلاپ، ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ يادرو قىلىنغان دىنىي ئىشلارنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى. يولداش جياڭ زېمىن 2001 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدا جەمئىيىتىمىزنىڭ ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە رىغبەتلەندۈرگەنىدى. يولداش جيا چىڭلىنمۇ 2003 ـ يىلى چاقىرىلغان ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش ۋە يېڭى ۋەز سۆزلەش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى“دا يەنە، ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتى ئاساسىي كۈچ چىقىرىدىغان خىزمەت، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىنتىپاقلاشتۇرىدىغان، يېتەكلەيدىغان ئەھمىيەتلىك خىزمەت، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەردىن ئاممىنى، ئەل رايىنى ئۆزىمىزگە تارتىدىغان ئۈنۈملۈك خىزمەت، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتىكى يېڭى مەنىلىك خىزمەت، دەپ كۆرسەتتى.

شۇنداقلا يەنە دۇنيا ئىسلام دىنى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش، چەت ئەلنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەدبىر ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى سۈرىيە ، ماراكەش، مىسىر قاتارلىق ئۈچ دۆلەتكە ئەۋەتىپ، دىنىي ئىشلارنى كۆزەتتى. بۇندىن باشقا جەمئىيىتىمىز يەنە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزۈپ تارقاتقان «دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۇچۇرلىرى» ئارقىلىق ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتى ۋە دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى خەۋەر قىلىپ، شەرىئەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى، چەت ئەلنىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ئىككىنچى نۆۋەتلىك يىغىنىنى ئېچىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى بېكىتتى، يېڭى خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى يەنە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردىمى ۋە جياڭسۇ، گۇاڭدۇڭدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا 3 مىليون يۈەنلىك داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە جەمئىيىتىمىزنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار شىنجاڭنىڭ مارالبېشى ۋە پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلارغا 670مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىئانە قىلىپ، ئاپەت رايونلىرىدىكى مەسچىتلەرنى قايتىدىن ياساپ چىقىشقا ياردەم قىلدى. شۇنداقلا يەنە سەئۇدى ئەرەبىستاندىن سۇلتان شاھزادە جۇڭگونى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ھەدىيە قىلغان 500مىڭ دوللارنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار مەسچىتلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بۇ مەسچىتلەر دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى قىسمەن ھەل قىلدى.

دىنىي ئىشلارنى قانات يايدۇرۇش جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى. 2000 ـ يىلدىكى نۆۋەت ئالمىشىشتىن بۇيان، جەمئىيىتىمىز جەمئىي ئۈچ قېتىملىق «قۇرئان كەرىم» قىرائەت مۇسابىقىسى، ئۈچ قېتىملىق ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر قارى ۋە ۋەزچىلەرنى تاللاپ چىقتى، بۇ مۇسابىقىلەر ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق دىنىي

ئىشلار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ ئىسلام دىنى خادىملىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئارىسىدا يېڭى ۋەز سۆزلەشنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، كۆپچىلىكنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئىدىيىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، داۋاملاشتۇرۇش، جارى قىلدۇرۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېگە بولدى.

3. تەشكىللەش، پىلانلىق ھالدا ھەج قىلىش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەجنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىزچىل ياخشىلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ھەر مىللەت ھاجىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق.

ھەج تاۋاپ چوڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىق، تاشقى ئىشلارغا چېتىشىدىغان بىر تۈرلۈك دىنىي پائالىيەت. جەمئىيىتىمىز ھەج خىزمىتىگە ئىزچىل ھالدا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ھەج قىلىش سىياسىتىنى ۋە "تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆلكىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش، ساھەلەر بويىچە باشقۇرۇش، سان بويىچە تەستىقلاش، ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش" خىزمەت فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى» دىكى "ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھەج قىلىشىنى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتى تەشكىللەيدۇ" دېگەن بەلگىلىمە بويىچە، مەخسۇس ھەج خىزمىتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەشكىللەپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەجنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىدى: ھەج ئالدىدىكى تەربىيىلىنىشنى مۇكەممەللەشتۈردى، دۆلەت سىرتىدىكى تەشكىللەش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يىلمۇ يىل ئۆستۈرۈپ، تەشكىللىك ھەج پائالىيىتىنى تەدرىجىي ھالدا قېلىپلىشىش، تەرتىپلىشىش يولىغا سالدى. كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، تارقاق ھەجگە چىقىدىغانلارنىڭ سانىنى ئازايتىش ئۈچۈن، دۆلەت تەشكىللىك ھەجگە چىقىدىغانلارنىڭ سانىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى، ھەجگە چىقىدىغانلارنىڭ سانى يىلدىن يىلغا ئېشىپ، 2000 - يىلدىكى 2000 كىشىدىن 2006 - يىلنىڭ بېشىدىكى 6944 كىشىگە يەتتى. 2001 - يىلدىن 2006 - يىلغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە، دۆلىتىمىزدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى تەشكىللىك ھەج پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ھەج پەرزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىۋالدى. كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشىلاش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالتە يىلدىن بويان، بىز ۋەزىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ھەجگە تەشكىللەش خىزمىتى جەھەتتە نۇرغۇن ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ ھەر مىللەت ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي سېلىقىنى ھەقىقىي تۈردە يەڭگىللەتتۇق ھەمدە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندۇق:

ھەر قايسى جايلاردىكى ھاجىلارنىڭ ئۆزىگە يېقىن جايدىن سەپەرگە ئاتلىنىشىغا، خىراجەتنى كېمەيتىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھۆددىگە ئېلىنغان ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، لەنجۇ، كۇنمىڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۇدۇل سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئۇچۇش چارىسىنى قوللاندۇق. تۈرلۈك خىراجەتلەرنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، 2005 - يىلدىكى ھاجىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۈرلۈك سەپەر خىراجىتىنى ئىلگىرىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، ھەجگە چىققۇچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتتۇق: ھەجگە تەشكىللەش - باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەر يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ئۆمەك باشلىقى بولغان ھەج خىزمەت ئۆمىكىنى ئەۋەتتۇق: يېتەكچى خادىملارنىڭ تەربىيىلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق: ئۆمەك بىلەن ھەمسەپەر دوختۇرلارنى تاللاپ ئەۋەتىپ ۋە نۇرغۇن دورىلارنى تەييارلاپ، جۇڭگولۇق ھاجىلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى داۋالىنىشىنى قولايلاشتۇردۇق : ئۆمەك بىلەن ھەمسەپەر ئىماملارنى كۆپەيتىپ، دىنىي تۇرمۇش مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق : تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بىز يەنە ھۆددىگە ئېلىنغان ئايروپىلان ئۇدۇل مەدىنىگە ئۇچۇش، ھاجىلارنىڭ سوغۇرتا تۆلىمى سوممىسىنى ئۆستۈرۈش، ھاجىلارنىڭ ياتاق شارائىتىنى ياخشىلاش ھەمدە ھاجىلارنىڭ مەدىنىدە تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «جۇڭگو ھەج خىزمەت ئۆمىكىنىڭ تەشكىللەش - باشقۇرۇش خىزمەت ۋەزىپىسى تەرتىپى»، «جۇڭگو ھەج خىزمەت ئۆمىكىنىڭ تەشكىللەش - باشقۇرۇش تەپسىلىي پرىنسىپلىرى»، «يېتەكچى خادىملار خىزمىتىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى»، «ھەج مەزگىلىدىكى تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە تاقابىل تۇرۇش لايىھىسى» نى ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەت سىرتىدىكى مۇلازىمەت خىزمىتى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت تەلىپىنى قېلىپلاشتۇردۇق. شۇنداقلا يەنە ھەج يېتەكچى خادىملىرى، ھەمسەپەر ئىماملار ۋە ھەج قىلغۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇردۇق، بولۇپمۇ يېتەكچى خادىملار ۋە ھەمسەپەر ئىماملارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدۇق: تەشكىللىك ھەج خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تارقاق ھەجگە تەشكىللەش ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش بويىچە ئېلىپ بارغان مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئاكتىپ ھەمكارلاشتۇق.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، تەكلىپكە بىنائەن "سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى مېھمانلىرى ھەج ئۆمىكى"، "دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ھەج ئۆمىكى" ھەمدە ئۆمرە ھەج خىزمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قاتارلىقلارنى مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج

قىلىشقا تەشكىللىدۇق: خادىملارنى ئەۋەتىپ ھەج خىزمىتىگە ئالاقىدار خەلقئارالىق يىغىنلارغا ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج خىزمىتى سۆھبىتىگە قاتناشتۇردۇق. ئالتە يىلدىن بۇيان ھەجگە تەشكىللەش خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ھەج خىزمىتى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەجگە تەشكىللەش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىپ، سىناق ئېلىپ بېرىپ ۋە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتۇق.

2004 ـ ۋە 2006 ـ يىلى ھەج پائالىيىتىدە دەسسىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، باش شۇجى خۇ جىنتاۋ بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، شەخسەن ئۆزى تەستىق سېلىپ يوليورۇق بېرىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئادەمنى ئاساس قىلىش روھىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دۆلىتىمىزنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىسى ھەم دۆلەت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە قۇتقۇزۇش ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش خىزمىتى جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

4. تاشقى ئالاقىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، تاشقى خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەلق دىپلوماتىيىسى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدۇق.

دىنىي جەھەتتىكى تاشقى ئالاقە ــــ دۆلىتىمىز خەلق دىپلوماتىيىسى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. ئالتە يىلدىن بۇيان، بىز باشتىن ـ ئاخىر ”ئۆزىمىزنى ئاساس قىلىش، ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولۇش“ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى ئالاقىنى ئاكتىپ، سالماق قانات يايدۇردۇق، ئەرەب ـ ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ئىلىم ـ پەن ئاپپاراتلىرى بىلەن بولغان نورمال بېرىپ كېلىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى ساقلاپ كەلگەندىن باشقا، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە ئومۇمىيىتى جەھەتتە تېگىشلىك رول ئوينىدۇق.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جەمئىيىتىمىز رەئىسى چېن گۇاڭيۈەن داموللا ب د ت نىڭ نيۇيوركتا چاقىرىلغان دۇنياۋى دىنلار ۋە مەنىۋى داھىيلارنىڭ 1000 يىللىق تىنچلىق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى ھەمدە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگودىكى دىنلار تەرەققىياتى مۇنبىرى»دە نۇتۇق سۆزلىدى: 2006 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جەمئىيىتىمىز مەسئۇلى يەنە ھىندونېزىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «شەرقىي ئاسىيا دىنىي داھىيلار مۇنبىرى»گە قاتناشتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار مۇھىم دىنىي خەلقئارالىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارالىق دىنىي ئىشلاردىكى رولىنى نامايان قىلدى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى يەنە جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن ماراكەش پادىشاھى، ئىئوردانىيە پادىشاھى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى قاتارلىق چەت ئەل دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ مەخسۇس قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى: سەئۇدى ئەرەبىستانى كېڭەش باشلىقى، ئومان دىنىي ئىشلار ۋەزىرى، ھىندونېزىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرى، كومورو جۇمھۇرىيىتى باش مۇپتىسى، ئىسلام ئىتتىپاقى باش كاتىپى، ئافغانىستان دىن ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتارلىقلارنى كۈتۈۋالدى. بۇ كۈتۈۋېلىش داۋامىدا بىز سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دوستلۇقنى كۈچەيتىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى چەت ئەللەرگە تەشۋىق قىلىدىغان مەخسۇس قوللانمىلارنى تۈزۈپ باستۇردۇق، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تاشقى تەشۋىقات مەخسۇس سانىنى دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىغا ئەۋەتىپ دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلاشتۇق.

تاشقى ئالاقىدە، بىز يەنە تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردۇق. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى 10 ئۆمىد باشلانغۇچ مەكتەپكە 950 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق ياردەم مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايلاردىكى ئۆمىد باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك ياردەم بەردۇق: جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلتىماس قىلىشى ئارقىلىق، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى خېبېي قاتارلىق تۆت ئۆلكىنىڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تەربىيىلەش مەركىزى تۈرىگە 1 مىليون دوللاردىن ئارتۇق قۇرۇلۇش ياردەم پۇلى ۋە شېنياڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇش ياردەم پۇلىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەستىقلاپ بەردى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، پاكىستان ئىسلامئاباد خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، ھەر يىلى ئوخشىمىغان ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە بىلىم ئاشۇرغۇچى ئىماملارنى ئەۋەتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنىي ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىلدۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتتۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ئالاقە ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2004 ـ يىلى تۇنجى قېتىم رەسمىي ئۆمەك تەشكىللەپ، تەيۋەنگە بېرىپ ئالاقە ئورنىتىش زىيارىتىدە بولدى، بۇ ئىككى قىرغاق مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ”سوغۇقچىلىقلارنى تۈگىتىش سەپىرى“ بولدى، يەنە تەيۋەنگە خادىم ئەۋەتىپ ”جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ماسلىشىشى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى“غا قاتناشتۇردى: بۇنىڭدىن سىرت، جەمئىيىتىمىز يەنە

تەكلىپكە بىنائەن ئۆمەك تەشكىللەپ شياڭگاڭ، ئاۋمېننى زىيارەت قىلدى: تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن مۇسۇلمانلىرى ئۆمىكى قاتارلىقلارنى كۈتۈۋالدى.

5. ئىسلام دىنى مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تۇتاش دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسنى پۇختىلىدۇق.

پۈتۈن مەملىكەتكە نەزەر سېلىپ، جەمئىيەتتىكى باشقا مائارىپ ساھەلىرىدىكى ئۇچقاندەك تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، جۇڭگو ئىسلام مائارىپى تېخىچە ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەن، قالاق ھالەتتە تۇرماقتا. ۋەھالەنكى، مائارىپنىڭ تۆۋەن، قالاق ھالەتتە بولۇشى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر كۆپ بولۇپ، مۇدەررىسلەر قوشۇنى، دەرسلىك قۇرۇلۇشى، مائارىپنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقلار ۋە يېتەرسىزلىكلەر، شۈبھىسىزكى، ئاساسىي سەۋەب بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە سىستېمىلىق،بىر تۇتاش دەرسلىكلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى گەۋدىلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بىز پەقەت دەرسلىك تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى زور، ۋاقتى ئۇزاق، قىيىنچىلىقى كۆپ بۇ خىزمەتنى قول سېلىپ ئىشلىگەندىلا ئاندىن مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، باشقا خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتالايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. 2001-يىلى 5-ئايدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدا «مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى دەرسلىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»نى چاقىردى، يىغىندىن كېيىن «پۈتۈن مەملىكەت ۋە يەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى دەرسلىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى مۇھىم خاتىرىسى»نى روياپقا چىقاردى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىمۇ بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا يىغىننىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى تارقىتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى دىن ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەسىس قىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بىر نەچچە يىللىق جاپالىق تىرىشىش ئارقىسىدا دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى دەرسلىكى»، «دۇنيا ئىسلام دىنى تارىخى قىسقىچە دەرسلىكى»، «تەجۋىد ئىلمى قىسقىچە دەرسلىكى»، «ئەرەبچە خەتتاتلىق قىسقىچە دەرسلىكى» قاتارلىق تۆت دەرسلىك نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا: «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى قىسقىچە دەرسلىكى»، «ئەرەب تىلىدىن ئاساس قىسقىچە دەرسلىكى»(بىرىنچى قىسىم) قاتارلىق ئىككى دەرسلىك تۈزۈلۈۋاتىدۇ: «قۇرئان كەرىم قىسقىچە دەرسلىكى»، «ھەدىس شەرىف قىسقىچە دەرسلىكى»، «ئىسلام ئەقىدىلىرى قىسقىچە دەرسلىكى»، «ئىسلام شەرىئىتى قىسقىچە دەرسلىكى» قاتارلىق تۆت دەرسلىكنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى تاماملىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ، جاپالىق، ئىجادىي خىزمەت بولغاچقا، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇق. ئالايلۇق، بەلگىلىك ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەم بولۇشى؛ ئىسلام دىنى جەھەتتىكى يېڭى دەرسلىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا پايدىلىنىدىغان نۇسخا كىتابلارنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ دىنىي كىتابلاردىكى ئەقىدىلەر بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى توغرا ئىگىلەشنىڭ قىيىنغا توختىشى؛ بىر قىسىم جايلارنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا ۋە رېئال ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن دەرسلىك تۈزۈشكە سالغان ئادەم كۈچى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ۋەھاكازالار. بۇلارنىڭ ھەممىسى دەرسلىكلەرنى يېزىش سۈپىتى ۋە سۈرئىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 2005-يىلى 8-ئايدا لەنجۇدا دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، بىر قىسىم يېزىش پىلانلىرى يەنىمۇ تەڭشەلدى، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ يېزىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى ھەمدە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتە قول سېلىپ، «سىنىپ مۇدىرلىرى خىزمەت نىزامى»، «دىنىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپلىرى»نى تۈزۈپ چىقتى، «ئوقۇتۇش كۈندىلىك خاتىرىسى»نى تولدۇرۇش ئۇسۇلى ۋە «ئوقۇغۇچىلار قوللانمىسى»غا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى«يېڭى ھىلال نۇرى»نى تەسىس قىلدى، «ئىسلام كىتابلىرى ماتېرىياللىرى ۋە ئۇچۇرلىرى» ۋە «ئوقۇتۇش تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» قاتارلىق ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ بېسىپ، ئىلمىي كەيپىياتنى ئاشۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش ۋە يۇقىرى ئۆرلەش سەھنىسى ھازىرلاپ بەردى.

2002-يىلى 9-ئايدا ئىسلام ئىنستىتۇتى«جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش ھەيئەت ئەزالىرىدىن ۋەزىپىدىكى ئاخۇنلار مۇھاكىمە سىنىپى»نى ئاچتى، 2004-يىلى 6-ئاي ۋە 2006-يىلى 4-ئايلاردا يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەسىس قىلغان «يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش تايانچ كادىرلىرى

مۇھاكىمە سىنىپى»نى ئۈستىگە ئېلىپ ئاچتى.

2005-يىلى 12-ئايدا بىز جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق . مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يەندۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مۇھىم سۆز قىلدى. رەئىس چېن گۇاڭيۈەن «ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى، ئىسلام ئىنستىتۇتى «50 يىللىق مۇساپە» ماۋزۇلۇق چوڭ تىپتىكى رەسىملىك توپلامنى تۈزۈپ باستۇردى. تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈردى.

6. ئىلمىي تەتقىقات ۋە مەدەنىيەت تەشۋىقاتى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتا ئېكىشلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇردۇق.

ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالتە يىلدىن بۇيان جەمئىيىتىمىز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ،"جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ۋە تەرەققىياتى" ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئاتاقلىق ئالىم "پاك شىچيەن ئاخۇن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى سۆھبەت يىغىنى" ئۆتكۈزدى. ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بىلەن بىرلىكتە "«قۇرئان كەرىم» مەدەنىيەت سەنئەت كۆرگەزمىسى" نى ئۇيۇشتۇردى. شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جىنەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە "چېڭدا پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"نى ئۇيۇشتۇردى ۋە باشقىلار. جەمئىيىتىمىز يەنە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى ئىلمىي يىغىنلارغا خادىم قاتناشتۇرۇپ، ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيىتىمىز يەنە دا پۇشېڭنىڭ «ئىسلامىي ئالتە كىتاب» دېگەن ئەسىرى، «بۈگۈنكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» رەسىملىك توپلىمى، «يېڭى دەۋردىكى ئاخۇنلار قوللانمىسى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج قوللانمىسى»، ۋاڭ جىڭجەينىڭ «قۇرئان كەرىم تەرجىمىسى ۋە شەرھى» ۋە «جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى) جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەسىس قىلغان مەملىكەت خاراكتېرلىك ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى تارقىتىشتىكى مۇھىم كۆزنەككە ئايلاندى. ئالتە يىلدىن بۇيان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مۇقاۋا لايىھىلەش، بەت ياساش ۋە ماقالە مەزمۇنى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ياخشىلىنىپ ۋە يۈكسىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن خىزمەتلىرىگە ماسلىشىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ خىزمەتلىرى ۋە تۈرلۈك مۇھىم پائالىيەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش جەھەتتە ئېكىشلىك رول ئوينىدى. ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ژۇرنال باشقۇرۇش توغرا فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" مىزانىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا تىرىشىپ ماسلىشىپ، ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئوبيېكتىپ ھالدا تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا ياخشى شۆھرەت قازاندى.

7. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، جەمئىيىتىمىز ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىشخانا شارائىتى ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلىدۇق.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، دۆلەت دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىشخانا شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ناھايىتى زور مەبلەغ ئاجراتتى. 2004-يىلى 5-ئايدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئورنى قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مېھمانخانىسىنى جەمئىيىتىمىزگە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 2005-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن ۋە مەركەز، بېيجىڭ شەھىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن بىر قىسىم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ۋە ھەل قىلىپ بەردى. ئىككى يىللىق جاپالىق ئىنچىكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، قۇرۇلۇش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. نۆۋەتتە، ئەسلىدىكى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مېھمانخانىسىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئۆزگەرتىشتىكى بېزەش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلماقتا؛ دۆلەتلىك تەرەققىيات-ئىسلاھات كومىتېتى ئىسلام

ئىنستىتۇتنى كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى ۋە مەبلەغ خامچوتىنى تەستىقلاش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۆزگەرتىپ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلار ياتاق بىناسىدىكى ئائىلىلىكلەرنى كۆچۈرۈش خىزمىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئەسلىدىكى پىلاندىكىدىن يەنىمۇ چوڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قامدايدۇ. ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىنى 2006 - يىل ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلاش مۆلچەرلەنمەكتە. يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە، 500 تالىپ سىغىدىغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 20مىڭ كۋادرات مېتىرلىق، يۇمشاق دېتال ۋە قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان يېڭىچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

8. جەمئىيىتىمىزنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەشنى ئاچقۇچ قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تاشقى جەھەتتە ئوبرازىمىزنى تىكلەپ، ئىسلام جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن مۇسۇلمانلار جامائىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق.

ئالتە يىلدىن بۇيان، جەمئىيىتىمىزنىڭ 7 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلغان ھالدا ‟ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەش“ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئومۇمىيەت ئېڭى، سىياسەت ئېڭى ۋە مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتتى. 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق سارىيىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جيا چىڭلىن، خۇي لياڭيۇ، فۇ تېشەن، ليۇ يەندۇڭ، بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىقلار تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۇ مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا جەمئىيىتىمىز رەئىسى چېن گۇاڭيۈەن داموللا «ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش— جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرەققىي تاپقان ۋە ئالغا باسقان 50 - يىل» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. تەبرىكلەش پائالىيىتى ئارقىلىق 50 يىلدىن بۇيانقى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، بېرىلىپ ئىشلەش قىزغىنلىقىمىزنى ئاشۇردۇق. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، روشەن خىزمەت ئوي - پىكرىنى بېكىتىپ، بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا پىلانلىق ھالدا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. بۇ نۆۋەت مەزگىلىدە جەمئىي تۆت قېتىم دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئىلگىرىكى ھەر قانداق نۆۋەتتىكىدىن ئەڭ كۆپ ئېچىلغان بىر نۆۋەت بولدى. بىز ھەر يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلغاندا، ئىككى يىغىنغا قاتناشقان ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى جەمئىيەتكە تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا مۇھىم خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى داۋاملاشتۇردۇق: «ئىسلام جەمئىيىتى قىسقىچە خىزمەت ئۇچۇرلىرى»نى تۈزۈپ بېسىپ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىغا تارقاتتۇق، خىزمەتتە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە جايلاردىكى مۇئاۋىن رەئىسلەر بىلەن زىچ ئالاقە قىلىپ كەلدۇق: شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلاردىن تەركىب تاپقان 10 دىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدۇق. جەمئىيەت ئورگىنى ئىچىدە خىزمەتچى خادىملاردىن ئىدىيە جەھەتتە مۇلازىمەت قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدۇق. دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت ئۇسلۇبى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق شۇنداقلا ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا كونكرېت ئۆلچەم ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ كەسىپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئۆستۈردۇق. 2003 - يىلى جەمئىيىتىمىز ئورگان خادىملىرىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ئوتتۇرا ياش، ياش خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش ئۈچۈن، دەۋرگە ماسلاشقان ھالدا ئىدىيىۋى پەزىلىتى ياخشى، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر تۈركۈم ياش خىزمەتچى خادىملارنى تاللاپ، ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىپ، ھەر قايسى كەسپىي بۆلۈم خىزمەتچى خادىملىرىنى ياشلاشتۇرۇش، ئەھلى ئىلىملاشتۇرۇش، كەسپىيلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۇق، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قائىدە - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق، مالىيە تەستىقى، داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىش، بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش، بىخەتەرلىك - تازىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق. يىل ئاخىرىدىكى خۇلاسە، باھالاشنى كۈچەيتتۇق.

ۋەكىللەر: ئۆتكەنكى ئالتە يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە نىسبەتەن خىرىس بىلەن پۇرسەت تەڭ مەۋجۇت بولغان، ئىزدىنىش ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئالتە يىل بولدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى، ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، كۆپچىلىكنىڭ بوشاشماي قەتئىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، خىزمىتىمىزدە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئوبرازىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. 2005 - يىلى «مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ 4 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش

يىغىنى »دا جەمئىيىتىمىز گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن « مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ » دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولدى. جەمئىيىتىمىز يەنە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن « مەملىكەتلىك ئىلغار خەلق تەشكىلاتى » بولۇپ باھالاندى. مۇسۇلمانلار ئاممىسى جەمئىيىتىمىزگە « مۇسۇلمانلار ئائىلىسى » دېگەن لەۋھەنى تەقدىم قىلدى. بۇلار خىزمەتلىرىمىزنىڭ كۆچلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ۋە بىزگە بېرىلگەن غايەت زور ئىلھامدۇر. بۇ يەردە مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن بىزگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، يار يۆلەك بولۇپ ۋە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە ھەمدە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

بىز يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىزمىتىمىزدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈمىدىگە قارىغاندا يەنىلا يېتىشسىزلىك مەۋجۇت. جەمئىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى يەنىلا كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكلىشى ئاستىدا، جەمئىيەت رەھبەرلىرى ۋە بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ھەمدە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، جەمئىيىتىمىز داۋاملىق "ئېچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەش" نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەپ، پۇختا، جاپالىق ئىشلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ يېڭى بىر بالداق ئۆرلىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

## بۇندىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەت تەكلىپى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى: ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، "ئىتتىپاقلىق، يېڭىلىق يارىتىش، ئىناقلىق، مۇقىملىق" يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە داۋاملىق ھەمكارلىشىش؛ « دىن ئىشلىرى نىزامى »نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرى، مائارىپى، ئىلمىي تەتقىقاتى، مەدەنىيەت تەشۋىقاتى ۋە تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش؛ ھەجگە تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش؛ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا دىنىي ئىشلارنى يولغا قويۇش، دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

1 ."شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى يادرو قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەقىدە ئىدىيىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش

داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى، پەزىلەت ئەخلاقى ۋە مەدەنىيىتىدىكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ۋە ساغلام مەدەنىيلىككە ئۇيغۇنلىشىدىغان مەزمۇنلارنى داۋاملىق قېزىپ چىقىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ شۇنداقلا ئۇنى ئىناق جەمئىيەت تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلەپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ئاكتىپ يېتەكلىشىمىز لازىم.

"شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى يادرو قىلىپ، ئالدىنقى باسقۇچتىكى "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش"تىكى دىنىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك، يەنىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك دىنىي تەرغىبات نۇسخىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز، كەڭ دىنىي خادىملارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيچىلىكنىڭ بىدئەت سەپسەتىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، "ئۈچ خىل كۈچ"كە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى پائال قوغدىشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ كىتاب، ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىنى داۋاملىق چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دىنىي كىتابلاردىكى دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە مەزمۇنلارنى پائال قېزىپ چىقىپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتى ۋە « يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر »نى سۆزلەشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى قىزغىن سۆيۈش، ئەپۇچانلىق روھىنى؛ ئىلىم ـ پەنگە ئەھمىيەت بېرىش، بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش روھىنى؛ ئىمان بىلەن رىئاللىقنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، ئىككى ئالەملىك بەختكە ئېرىشىشكە ئىنتىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش جەھەتتە يېڭى قەدەم بېسىشىمىز، يېڭى تۆھپە يارىتىشىمىز لازىم.

ئىسلامىي ئەقىدە ئىدىيىسىگە بولغان ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇزاق مەزگىللىك تەتقىقات

پىلانىنى بېكىتىپ چىقىشىمىز، مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى، بىر قىسىم ئېمىلارنى ئاللاپ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچى ئالىملارنى بۇ ھەقتە مەخسۇس ئېمىدا ئەسەر يېزىشقا تەشكىللەش خىزمىتى، ئالاقىدار فىقھى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى پائال قانات يايدۇرۇش خىزمىتى قاتارلىق تەتقىقات پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتىگە ھەقىقىي يېتەكچىلىك قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنى توغرا يولغا باشلىشىمىز كېرەك. بىر نەچچە يىللىق "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتى ئارقىلىق بۇ "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" يادرو قىلىنغان دىنىي ئىشلار خىزمىتىنىڭ يېڭى يولىنى دەسلەپكى قەدەمدە تېپىپ چىقتۇق. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ يول ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداشتىكى ئۈنۈملۈك يول. بۇندىن كېيىن بىز نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زاماننىڭ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئۈرنەك قىلىپ، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە باشقا ئەقىدە جەھەتتىكى ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەقىدە ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۈپ نېگىزىدىن بېكىتىپ چىقىپ، ئىسلام دىنىنى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يەنىمۇ يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئومۇمىيىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىمىز لازىم.

2. «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ۋە مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىناق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قولغا كەلتۈرۈش

«دىن ئىشلىرى نىزامى» ۋە دىنغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «نىزام»دا كۆرسىتىلگەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدىشىنى كۈچەيتىشىگە، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىگە ياردەمدە بولۇشىمىز كېرەك. «نىزام»نى تېخىمۇ چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى قانۇن ئارقىلىق ئۆز ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشقا، چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشقا، مۇقىملىققا تەسىر يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتەكلىشىمىز لازىم. «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئالاقىدار تۈزۈملەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىش ئالدىدا تۇرغان «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش سىناق چارىسى»، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» ۋە «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى»نىڭ تەشۋىق قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز. شۇنداقلا ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلى، دىنىي خادىملار، دىنىي ئىشلار خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى باشقۇرۇش چارىلىرىنى قەدەممۇ قەدەم تۈزۈپ چىقىپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئاخۇن، ئىمام، خاتىپلىرىنى باھالاپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، باھالاش ئۆلچىمىنى قەدەممۇ قەدەم بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز ھەمدە نەمۇنىچى ئاخۇن، ئىمام-خاتىپلارنى باھالاپ تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنىي پائالىيىتىمىز، دىنىي خىزمىتىمىزنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم يۈكسەلدۈرۈشىمىز ۋە ئۈستۈرۈشىمىز كېرەك. مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە مەزھەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئارىمىزدىكى ئىختىلاپلارنى "بارلىق مۇسۇلمانلار قېرىنداش" دېگەن روھ بىلەن ھەل قىلىشىمىز. چوڭ جەھەتتە ئورتاقلىشىپ، ئايرىم پەرقلەرگە يول قويۇشىمىز لازىم. ئۆزئارا ھۆرمەت، باراۋەرلىك، ھەمكارلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، مەزھەپلەر مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشقا، ماجىرا تېرىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، "ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش"نى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، "ئىناقلىق ئاساسىدا ئورتاق گۈللىنىش"كە تىرىشىپ، "ئىناقلىق ئاساسىدا پەرقلىق بولۇش"نىمىز كېرەك.

3. ھەج جەھەتتىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، تاشقى ئالاقىدىكى يېڭى ساھەلەرنى ئاكتىپ كېڭەيتىپ، دۆلىتىمىز خەلق دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش

ھەج جەھەتتىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر تۇرلۇك ئۇزاق مەزگىللىك مۇھىم ۋەزىپىسى. بىز «مەملىكەتلىك ھەج خىزمىتى يىغىنى»نىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، "تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش" سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، "تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆلكىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش، ساھەلەر بويىچە باشقۇرۇش، سان بويىچە تەستىقلاش، ئۇنىۋېرسال ئىدارە قىلىش" خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، شۇنداقلا ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، "رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئەتراپلىق تەشكىللەش، قاتتىق ئىنتىزام بولۇش، ئابرۇيىمىزنى قوغداش، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىش" پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ھەجگە تەشكىللەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىشلىشىمىز كېرەك. ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ھەجدىن بۇرۇنقى تەربىيىلىنىشىنى يەنىمۇ

كۆچەيتىپ، ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، ھەج ساۋاتلىرى، سەپەر ساۋاتلىرى، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامى تەربىيىسى ھەمدە دىنىي ئەسەبىي ئىدىيىلەرگە تاقابىل تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ھاجىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق، مەسئۇلىيەتچان، ياش ۋە غەيرەتلىك خىزمەتچى خادىملارنى ئەستايىدىل تاللاپ ئەۋەتىش كېرەك. بىز خىزمىتىمىزنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى بارغانسېرى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ كېيىنكىسى ۋە نىشان بەلگىلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ جانلىق روھىي قىياپىتى ۋە ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىشىمىز. ھەج خىزمىتىنى تېخىمۇ تەرتىپلىك، رەتلىك ۋە ئۆلچەملىك قىلىشىمىز لازىم. خىزمەتلەر داۋامىدا ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش تەلىپىنى قاندۇرۇشىمىز ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئۇزاق مەزگىللىك مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز. مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم.

«دىن ئىشلىرى نىزامى»دا: ''ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھەج قىلىشىنى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتى تەشكىللەيدۇ'' دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىمىز ناھايىتى ئېغىر. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى ھەجگە تەشكىللەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز، ھەر قايسى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەج پائالىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە تەشكىللىك، پىلانلىق، ساغلام، تەرتىپلىك يولغا سېلىشىمىز كېرەك.

دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقىسى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئېلىمىز خەلق دىپلوماتىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز ئاكتىپلىق ۋە سالماقلىق بىلەن ئىسلام دىنى جەھەتتىكى چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقىسى ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ يېڭى ساھەسىنى كېڭەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

4 .داۋاملىق تۈردە، ئۇنىۋېرسال مەكتەپ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق دىنىي ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى بۆسۈش كۆزنىكى قىلىپ، تىرىشىپ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ئالىي بىلىم يۇرتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ يەندۇڭ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا بولغان سەممىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېنمۇ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ دەرسلىك تۈزۈش ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، يېڭى مەكتەپ - ياتاق بىناسىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىقىش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلام ئىنستىتۇتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى باشقۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىزگە كونكرېت خىزمەت نىشانى كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ياخشى باشلىنىش ئاساسىدا، مۇدەررىسلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، دەرسلىك، مۇدەررىس، ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. زۆرۈر تېپىلغاندا ئىختىساسلىقلارنى دادىللىق بىلەن كىرگۈزۈش، مۇدەررىسلەرنى تەربىيىلەپ، بىلىم ئاشۇرغۇزۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ھازىر بار مۇدەررىسلەرنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا ئوخشىمىغان فاكۇلتېت ۋە كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش، ئاسپىرانت قوبۇل قىلىش ۋە ئاسپىرانت سىنىپى ئېچىش قاتارلىقلار پىلانى ئۈستىدە ئويلىنىشقا بولىدۇ. بىز ئادەتتىكى دىنىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى يۇقىرى قاتلاملىق سىياسىي، دىنىي، ئىلمىي سەۋىيىگە ئىگە ھەممىگە باب ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم. بۇ خىزمەتلەر جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ھالىتى ۋە تەرەققىيات نىشانىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇزاق مەزگىللىك پىلاندۇر. يىراقنى ئويلاشقاندا، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈش بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇزاق مەزگىل قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇشىمىزغا ئېھتىياجلىق. بىز ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان بەلگىلەپ، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، چوقۇم غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىدە بولۇشىمىز كېرەك. جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە ژۇرنال خىزمەتلىرىمۇ بۇ ئومۇمىيەتكە خىزمەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

5. ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنى داۋاملىق ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت تەشۋىقاتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەش ۋە قانات يايدۇرۇشتا، بىز ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت، ئەخلاق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس قارىشىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ئوتتۇرىغا قويغان ''سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس''

قارىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنىڭ جەۋھەرلىك يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىدىغان ئەخلاق ئەندىزىمىز بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. توقۇنۇشمايدۇ. شۇڭا بىز تورلۇك شەكىللەر ئارقىلىق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا قانداق رول ئوينايدىغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ كىتاب ئەقىدىلىرى ۋە زامانىمىزدىكى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنىڭ تەھرىرلىك، تارقىتىش خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تاشقى تەشۋىقاتقا تاللانغان سەر خىل نۇسخىسىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئورۇندىشىمىز لازىم. كەڭ مۇسۇلمانلارنى سوتسىيالىستىك شەرەپ-نومۇس قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا پائال يېتەكلەپ، كەڭ مۇسۇلمانلارغا ئىدىيە-ئەخلاق ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى تەشۋىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشىمىز كېرەك. ئوخشىمىغان دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ھۆرمەتلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز بۇنىڭدىن كېيىن باشقا دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا بىر قىسىم سۆھبەت ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى ئويلىنىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىمىز. بۇنداق قىلغاندا، ئۆزئارا ئالاقە ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەپۇچانلىق ۋە ئىناقلىق روھىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ۋەكىللەر! بىز بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىمىزدە ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىناقلىق روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش خىزمەت ئىستىلىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، «ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەش» تەلپىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم: "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى يادرو قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتىنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى پائال ئېچىشىمىز كېرەك؛ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا بولغان تەشۋىقات سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى تولۇق نامايان قىلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم: ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ئىناقلىق ئاساسىدا ئورتاق گۈللىنىش»نى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىپ ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم: ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتلىنىشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، مۇسۇلمانلار مىللىي رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىمىز كېرەك؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۆرەش نىشانىمىز: ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىناق تەرەققىيات يولىغا مېڭىش: ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھى ۋە ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنى ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ئالغا بېسىشتا چىڭ تۇرىدىغان، شەرەپ-نومۇسقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاللاھقا تەقۋادار بولۇپ، بەندىنى سۆيىدىغان جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان دىن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش: يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئالغا بېسىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئېلىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشىدىكى يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىشتىن ئىبارەت.

ۋەكىللەر! ئۆتكەنكى ئالتە يىل دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئالتە يىل بولدى؛ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئۆتكەنكى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالغان، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن ئالتە يىل بولدى؛ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا باسقان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن ئالتە يىل بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىن بىزنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىپىلەرنى زىممىمىزگە ئالىدىغان، يېڭى ئوي-پىكىرلىرىمىزنى ئېچىش ئۈچۈن چاقىرىلغان بىر قېتىملىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش يىغىنى، ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىشقا يول ئېچىش يىغىنى. يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئىناق جەمئىيەتنى ئورتاق بەرپا قىلىش، ئىككى دۇنيالىق بەختكە ئىنتىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن، 11-بەش يىللىق يىرىك پىلاننى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى!

ئاللاھ بىزگە مەدەت بەرگەي! كۆپچىلىككە رەھمەت!

www.uyghurkitap.com

# « جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى »( تۈزىتىلگەن لايىھە ) توغرىسىدا بىر نەچچە چۈشەندۈرۈش

(2006 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)

شەمشىدىن ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ۋەكىللەر، رەھبەرلەر، يولداشلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

مەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇلغان «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى»(تۈزىتىلگەن لايىھە) توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈش بەرمەكچىمەن، قاراپ چىقارسىلەر.

ئالدى بىلەن شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەنكى، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەزكۇر نىزامنامىنىڭ ئۆلچىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەر، دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى، ئىسلام ئىلمى ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە زامانىۋى ئىسلام مائارىپى قاتارلىق ئىشلارنى ئۇچۇشلۇق ئادا قىلدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ـ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئاتلىنىشقا يېتەكلەش جەھەتتە ئاكتىپ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى، بۇنداق قىلىش مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ماسلاشقانلىق بولۇپ، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى بىرقانچە يىل دەل مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى مەزگىلىدە ئۆتتى. بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى دەل مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ 11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى باشلانغان يىلغا توغرا كەلدى. مەركەز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن ئىگىلىك ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ئىلمى تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق ئاتلىنىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ماكرو ئىگىلىك سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى يۇقسەلدۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا. مۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يارىتىپ، يېڭى باسقۇچتا بىز دۈچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇھىم بىر كونتېرتىپى «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھىسى)نى مۇزاكىرە قىلىپ قاراپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ قېتىم تۈزىتىلگەن مەزمۇنلار كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەزىسى ناھايىتى مۇھىم، بەزىسى چوڭ ئومۇمىلىققا ئالاقىدار. شۇڭا «نىزامنامە» (تۈزىتىلگەن لايىھە) 7 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2005 ـ يىل 9 ـ ئايدا چاقىرىلغان 3 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش ماقۇللانغانىدى. تۆۋەندە بۇ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن ۋە تولۇقلانغان مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن:

**بىرىنچى، 3 ـ ماددىدىكى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ «ئاساسى مەقسىتى»دىكى ئۆزگەرتىش ھەققىدە**

مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 16 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە 16 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى بەلگىلەپ بەردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولۇپ قالدى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بىز «نىزامنامە»نىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدىكى 3 ـ ماددىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتتۇق ۋە تولۇقلىدۇق. مەسىلەن: نىزامنامىنىڭ 3 ـ ماددىسىدا "مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسى مەقسىتى:ھۆكۈمەتنىڭ مەملىكىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇش؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۆپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى نامايان قىلىش؛ دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ يولغا قويۇش؛ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش؛ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچىدىكى تۈپ لۇشيەننى ھىمايە قىلىش: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. «نىزامنامە»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى)دە، «دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ ئىشلەپ» دېگەن جۈملىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا «تۈرلۈك ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش» دېگەن سۆز تولۇقلاندى. «نىزامنامە»نىڭ (تۈزىتىلگەن لايىھىسى)دە "كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇش" دېگەن جۈملە "كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش" دەپ ئۆزگەرتىلدى: "جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ لۇشيەننى ھىمايە قىلىش" دېگەن جۈملە "جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش" دەپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى ۋە سۆيىدىغانلىقى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى: «نىزامنامە»نىڭ (تۈزىتىلگەن لايىھىسى)دە "دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش" دېگەن جۈملىلەر "دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 'ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش' مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ دىنىنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش" دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئارقىلىق، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت بىلەن تەڭ قەدەمدە بولۇپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغۋار مۇساپىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئىككىنچى، 4 ـ ماددا، 17 ـ ماددا ۋە 20 ـ ماددىدىكى "كەسپىي باشقۇرۇش تارمىقى"غا دائىر سۆزنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى توغرىسىدا**

«نىزامنامە»نىڭ 4 ـ ماددىسىدا "مەزكۇر جەمئىيەت كەسپىي باشقۇرۇش تارمىقى — دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىنى ۋە دۆلەتلىك خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى تىزىملاپ باشقۇرۇشىنى ۋە نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەنىدى: 17 ـ ماددىسىدا:"مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ھەمدە كەسپىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەنىدى: 20 ـ ماددىسىدا:"مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:(3) مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. «نىزامنامە»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسىدە 4 ـ ماددا:"مەزكۇر جەمئىيەت دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ" دەپ ئۆزگەرتىلدى. 17 ـ ماددا:"مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك، ھەمدە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ" دەپ ئۆزگەرتىلدى. 20 ـ ماددا (3): "مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ" دەپ ئۆزگەرتىلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى دۆلەتنىڭ مەمۇرىيەت ئورگىنى بولۇپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلاتلارنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان تارماق، شۇ سەۋەبتىن شۇنداق ئۆزگەرتىلدى.

**ئۈچىنچى، 6 ـ ماددىدىكى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كەسپىي ئىشلار دائىرىسى توغرىسىدىكى ئۆزگەرتىش**

مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى جەمئىيىتىمىزنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ناھايىتى ياخشى قانات يايدۇرۇلدى، بولۇپمۇ "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بېرى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە

دىنىي زاتلار «يېڭى ۋەز-تەبلىغ» يېزىش ۋە «يېڭى ۋەز-تەبلىغ» سۆزلەش پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، ئاممىنى ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش ئىدىيىسى ۋە دىنىي نەزەرىيە بىلىملىرى تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. نەچچە يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىزدىكى تەشكىللىك ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى، 2004-يىل 12-ئايدا گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دىن ئىشلىرى نىزامى»نىڭ 11-ماددىسىدا: "ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھەج قىلىشىنى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتى تەشكىللەيدۇ" دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش، ھەجنىڭ تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، «نىزامنامە»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىدە جەمئىيىتىمىزنىڭ كەسپىي ئىشلىرى دائىرىسى ئىچىدە (6-ماددىدا): "مۇسۇلمانلار كۆڭۈل بۆلگەن دىنىي مەسىلەرنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھىغا ئاساسلىنىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا چۈشەندۈرۈش" ۋە "پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى مۇقەددەس زېمىن مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىشقا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇش" دېگەن ئىككى تارماق كۆپەيتىلدى. بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى جەمئىيىتىمىز نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈش بۇ ئىشلارنىڭمۇ جەمئىيىتىمىزدە ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئۇزاققىچە ئىشلىنىدىغان خىزمەت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**تۆتىنچى، 14-ماددىدا "زۆرۈر تېپىلغاندا، دائىمىي ھەيئەت بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىسنى رەئىسقا ياردەملىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىسە بولىدۇ" دېگەن مەزمۇن كۆپەيتىلدى.**

مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئادەتتە مەشھۇر دىنىي زات ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەم دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەم قوشۇمچە نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغانلىقى، ۋەزىپىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، زۆرۈر تېپىلغاندا، دائىمىي ھەيئەت بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىسنى رەئىسقا ياردەملىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىسە بولىدۇ. مۇنداق قىلىش جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە، رەئىسنىڭ خىزمەت بېسىمىنى يەڭگىللىتىشكە پايدىلىق.

**بەشىنچى، 20-ماددىدىكى مەزكۇر جەمئىيەت مۇئاۋىن باش كاتىپىنىڭ "خىزمەت مەسئۇلىيىتى" توغرىسىدىكى ئۆزگەرتىش**

«نىزامنامە»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسىدە 20-ماددىدىكى "مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ" دېگەن بەلگىلىمىلەر ئىچىگە مۇئاۋىن باش كاتىپىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەر تولۇقلاندى: مۇئاۋىن باش كاتىپ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىپ، دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزىدۇ؛ "مۇئاۋىن باش كاتىپ باش كاتىپنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ". مۇنداق تولۇقلاشمۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خىزمەت مىقدارىنىڭ زور بولۇۋاتقانلىقىغا ئاساسلانغان بولۇپ، مۇئاۋىن باش كاتىپنىڭ باش كاتىپ خىزمىتىگە ياردەملىشىشى جەمئىيىتىمىزنىڭ كۈندىن كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

**ئالتىنچى، 21-ماددىدىكى جەمئىيىتىمىزدە "ئاپپارات" تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئۆزگەرتىش**

«نىزامنامە»نىڭ (تۈزىتىلگەن لايىھەسى)دە 21-ماددا تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىلدى ۋە تولۇقلاندى: "مەزكۇر جەمئىيەتتە دىنىي ئىشلار بۆلۈمى، خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمى، ھەج خىزمىتى ئىشخانىسى، تەھرىر بۆلۈمى ۋە ئىشخانا قاتارلىق كەسپىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مۇناسىپ ئاپپاراتلار كۆپەيتىلىدۇ". ھەج خىزمىتى ئىشخانىسى كۆپەيتىپ قۇرۇلۇپ خەلقئارالىق بۆلۈم بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىشمۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ يىلدىن يىلغا ئېشىۋاتقانلىقى، خىزمەت مىقدارىنىڭ زور بولۇۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋالنى ھەل قىلىش ھەمدە مەملىكىتىمىز ھەج قىلغۇچىلىرىغا تېخىمۇ قانائەتلىنەرلىك مۇلازىمەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەج خىزمىتىنى جەمئىيىتىمىزنىڭ دائىملىق خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بولدى. بۇ ماددىنىڭ ئاخىرىغا "مەزكۇر جەمئىيەتتە دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئاپپاراتى — جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ" دېگەن بىر تارماق تولۇقلاندى. دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ توغرا تەرەققىيات يولىغا مېڭىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىدىمۇ كۈچلۈك تۈرتكىلىك ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

ۋەكىللەر! يۇقىرىدا «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى»نىڭ (تۈزىتىلگەن لايىھەسى) توغرىسىدا بىرنەچچە چۈشەنچە بەردىم. مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولسا ھەرقايسىڭلارنىڭ يەنە قىممەتلىك پىكىر بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

رەھمەت سىلەرگە!



www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى

## بىرىنچى باب— ئومۇمىي پرىنسىپ

1 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نامى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ (خەنزۇچە 中国伊斯兰教协会 دەپ، قىسقارتىپ 中国伊协 دەپ ئاتىلىدۇ، ئىنگلىزچىگە CHINA ISLAMIC ASSOCIATION دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ).

2 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي تەشكىلاتىدۇر.

3 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى :ھۆكۈمەتنىڭ مەملىكىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىۋپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى نامايان قىلىش؛ دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش؛ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش؛ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ‹‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش›› مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ دىنىنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

4 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

5 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئورنى بېيجىڭدا بولىدۇ.

## ئىككىنچى باب: كەسپىي ئىشلار دائىرىسى

6 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق كەسپىي ئىشلىرى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى مۇنۇلار:

(1) ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن ـ نىزام ۋە سىياسەتتە بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش؛

(2) مۇسۇلمانلار كۆڭۈل بۆلگەن دىنىي مەسىلىلەرنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھىغا ئاساسلىنىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا چۈشەندۈرۈش؛

(3) ئىسلام مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئىسلام دىنى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش؛

(4) ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخى ـ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىپ ۋە رەتلەپ چىقىش، ئىسلام ئىلمى ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، دىنىي كىتاب ـ ژۇرناللارنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش؛

(5) ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك باشقۇرۇش قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ؛

(6) جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش؛

(7) جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ دۆلەتكە، خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولۇش؛

(8) پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى مۇقەددەس زېمىن مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ

پەرزىنى ئادا قىلىشقا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇش؛

(9) ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش [illegible] يايدۇرۇش، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.

**ئۈچىنچى باب: تەشكىلىي ئاپپارات ۋە مەسئۇل خادىملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرى**

7 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى — جۇڭگو ئىسلام دىنى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدۇر. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

(1) مەزكۇر جەمئىيەت نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛

(2) ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش؛

(3) ئۈتكەنكى نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛

(4) مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قارارلارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛

(5) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرىنى بېكىتىش؛

(6) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش ئىشىنى قارار قىلىش.

8 ـ ماددا مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە بارلىققا كېلىش چارىسىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئىتى يىغىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىدۇ.

9 ـ ماددا مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ۋەكىللەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقى قاتناشقاندىلا ئېچىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى ئاۋاز بېرىپ، ماقۇللىغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

10 ـ ماددا مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

11 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتتە ھەيئەت تەسىس قىلىنىدۇ. ھەيئەت مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا جاۋابكار بولىدۇ. ھەيئەت يىغىنى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىدۇ، تەكلىپلەرنى بىر ياقلىق قىلىدۇ، جەمئىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ يىغىن مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

12 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتتە دائىمىي ھەيئەت تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ ئايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. دائىمىي ھەيئەت مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋە ھەيئەت يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىدۇ. مۇھىم ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەيدۇ. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋە ھەيئەت يىغىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ ھەم بۇ يىغىنلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. دائىمىي ھەيئەت خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ تۈرلۈك مەخسۇس ھەيئەتلەرنى تەسىس قىلىدۇ.

13 ـ ماددا دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقى قاتناشقاندىلا ئېچىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

14 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتتە بىر نەپەر رەئىس، بىر قانچە نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ تەسىس قىلىنىدۇ. بۇلار ھەيئەت يىغىنىنىڭ كېڭەشىپ سايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ دائىمىي ھەيئەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، دائىمىي ھەيئەت بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىسنى رەئىسقا ياردەملىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىسە بولىدۇ. باش كاتىپ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرگە ياردەملىشىپ خىزمەت ئىشلەيدۇ.

15 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتتە مەسلىھەتچى تەسىس قىلىنىدۇ. مەسلىھەتچىلەر ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەشىپ كۆرسىتىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

16 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىم:

(1) جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان،

سىياسىي ساپاسى ياخشى بولۇش؛

(2) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ساھەسىدە بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە بولۇش؛

(3) تېنى ساغلام، نورمال خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالايدىغان بولۇش؛

(4) تولۇق ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش.

17 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتىشى كېرەك، ھەمدە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ۋەزىپە ئۆتەش قەرەلىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

18 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى(ياكى رەئىسقا ياردەملىشىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن رەئىسى ياكى باش كاتىپى) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنى ۋەكىل ئىگىسى بولىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنى ۋەكىل ئىگىسى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنى ۋەكىل ئىگىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە بولمايدۇ.

19 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) ھەيئەت يىغىنى، دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؛

(2) ۋەكىللەر يىغىنى، ھەيئەت يىغىنى، دائىمىي ھەيئەت يىغىنى قارارلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ؛

(3) مەزكۇر جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويىدۇ.

20 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) مەزكۇر جەمئىيەتتىكى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. يىللىق خىزمەت پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ؛

(2) مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛

(3) مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛

(4) مۇئاۋىن باش كاتىپ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىپ، دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزىدۇ؛ مۇئاۋىن باش كاتىپ باش كاتىپنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ؛

(5) كەسپىي ئاپپاراتلار، ئىگىلىك گەۋدىسى ئاپپاراتى مەسئۇللىرى نامزاتىنى كۆرسىتىپ، رەئىسلەر خىزمەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ؛

(6) كەسپىي ئاپپاراتلار، ئىگىلىك گەۋدىسى ئاپپاراتىنىڭ مەخسۇس خىزمەتچى خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى بەلگىلەيدۇ؛

(7) باشقا كۈندىلىك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىدۇ.

21 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتتە دىنىي ئىشلار بۆلۈمى، خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمى، ھەج خىزمىتى ئىشخانىسى، تەھرىر بۆلۈمى ۋە ئىشخانا قاتارلىق كەسپىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مۇناسىپ ئاپپاراتلار كۆپەيتىلىدۇ.

مەزكۇر جەمئىيەتتە دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئاپپاراتى—جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ.

22 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى باشقۇرىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىدىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئىشلار ھەمدە ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى قاتارلىقلار جەھەتتىكى ئەمەلىي گەۋدىلەرنى باشقۇرىدۇ.

## تۆتىنچى باب: مەبلەغ باشقۇرۇش، ئىشلىتىش پرىنسىپلىرى

23 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ راسخوت مەنبەسى:

1) دائىمىي ھەيئەت غەملەش؛

2) مۇسۇلمانلار ئىختىيارەن ئىئانە قىلىش؛

3) ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىدىكى كارخانا، كەسپىي ساھەلەر كىرىمى؛

4) ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىش؛

www.uyghurkitap.com

5) باشقا قانۇنلۇق كىرىملەر.

24 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ راسخوتى مەزكۇر نىزامنامىدە بەلگىلەنگەن كەسپلەر دائىرىسىگە ۋە كەسپىي ئىشلار تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىشى كېرەك، ئۇنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

25 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت پۇختا مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرىنىڭ قانۇنلۇق، راست، توغرا، مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

26 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت كەسىپ سالاھىيىتىگە ئىگە بوغالتىرلارنى سەپلەيدۇ. بوغالتىر بىلەن كاسسىر ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ. بوغالتىرلار بوغالتىرلىق ھېساباتى ئېلىپ بېرىشى، مالىيە نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشى لازىم. بوغالتىرلار ئۆزىنىڭ خىزمىتى يۆتكەلگەندە ياكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا، ئۆتكۈزۈۋالغۇچى بوغالتىر خادىملار بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى ئېنىق بېجىرىشى لازىم.

27 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت مەبلەغ باشقۇرۇشتا، دۆلەت بەلگىلىگەن مالىيە، بوغالتىرلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشى، مەزكۇر جەمئىيەت رەئىسلەر خىزمەت يىغىنى ۋە مالىيە تارمىقىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. مەبلەغ مەنبەسى ئىجتىمائىي ئىئانە ياكى ھۆكۈمەت ياردىمى دائىرىسىدا بولسا، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

28 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت نۆۋەت ئالمىشىش ياكى قانۇنىي ۋەكىل ئىگىسىنى ئالماشتۇرۇش ئالدىدا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى ۋە كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماق تەشكىللىنىڭ مالىيە مۇپەتتىشلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

29 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەبلىغىنى ھەرقانداق ئورۇن، شەخسنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا ، بۆلۈشۈۋېلىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشىغا بولمايدۇ.

30 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، سۇغۇرتىسى ۋە باشقا پاراۋانلىق تەمىناتلىرى دۆلەتنىڭ كەسپىي ئورۇنلارغا قاراتقان مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

### بەشىنچى باب— نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپى

31 ـ ماددا مەزكۇر نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئاۋازغا سالغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا قويۇلۇشى كېرەك.

32 ـ ماددا مەزكۇر نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللاپ بولغاندىن كېيىنكى 15 كۈن ئىچىدە، كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتۈشى ھەمدە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىشى كېرەك.

## ئالتىنچى باب— قوشۇمچە پرىنسىپ

33 ـ ماددا مەزكۇر نىزامنامە(تۈزىتىلگەن لايىھە)نى 2006 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان.

34 ـ ماددا مەزكۇر نىزامنامىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئىتىدە بولىدۇ.

35 ـ ماددا مەزكۇر نىزامنامە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئورگىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان كۈندىن باشلاپ ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

36 ـ ماددا مەزكۇر جەمئىيەت پائالىيەتنى توختىتىپ، رويخەتتىن ئۆچۈرۈلۈش توغرا كەلسە، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى ۋە تەلپى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 360 نەپەر ھەر مىللەت مۇسۇلمان ۋەكىللىرى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. بۇ يىغىن يېڭى ۋەزىيەتتە ئېچىلغان، ئىلگىرىكى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالغان بىر قېتىملىق يىغىن بولدى، ئۆتكەنكى خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ۋە خۇلاسىلەپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى بەش يىلدا ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش، ساغلام تەرەققىي قىلىش ئەندىزىسىنى ۋە پىلانىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىدىغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئۆز ئىقتىدارى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئاتاشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان بىر قېتىملىق كاتتا يىغىن بولدى. بۇ يىغىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇقىدا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، بەلگىلەنگەن قارالمىلارنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، مۆلچەرلەنگەن مەقسەتكە يېتىپ قانائەتلىنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى يولداش خۇي لياڭيۈ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش يې شاۋېنغا ھاۋالە قىلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە بارلىق ۋەكىللەرگە سالام يوللىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار تەكلىپكە بىنائەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى. يولداش ليۇ يەندۇڭ، يولداش يې شاۋېنلار يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلماقچى ۋە بارلىق ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەكچى، رەئىس جياچىڭلىن مۇھىم سۆز قىلماقچى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ. ۋەكىللەر بۇنىڭدىن جەزمەن زور ئىلھام ئالىدۇ.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نۇتقى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قىلىنغان سۆز بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ھەققىدە ئۈمىد ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ نۇتۇق مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يىغىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن رەھبەرلەر نۇتقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنى ھەمدە بۇنى ئۆزىنىڭ كونكرېت خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يىغىن مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ يۈي جېنگۈينىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ يىغىن «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» (لايىھە)، «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى» (لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، يىغىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى، 8 - نۆۋەتلىك ھەيئەت 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتنى ۋە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ قاتارلىق رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇركىتاب تورى

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئالتە يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، دۆلەتلىك دىنىي ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىش، مۇقىملىقنى ئاسراش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى مۇھىم ئامىل قىلىپ، ھەجگە تەشكىللەش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دەرسلىك تۈزۈشنى تەشكىللەشنى بۆسۈش كۆزنىكى قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانا ئورنىنى ئۆزگەرتىپ بېزەش ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى ئاچقۇچ قىلىپ، "ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەش"تىن ئىبارەت خىزمەت تەلپىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىدى، پۇختا ئاساس سالدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئوبراز ياراتتى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ يۈي جېنگۈي بەرگەن خىزمەت دوكلاتىدىكى ئۆتكەنكى ئالتە يىللىق خىزمەت توغرىسىدىكى ئەسلىمە ۋە خۇلاسە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بولغان، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت توغرىسىدىكى تەكلىپلەر ھەقىقەتەن ئەمەلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يىغىن بۇ دوكلاتنى تامامەن قوللايدۇ: يىغىن ئەھلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئۇنتۇماي، ئۈمىد - ئارزۇلارنى يەردە قويماي، يېڭىلىق يارىتىپ، جۈرئەتلىك ئالغا ئىلگىرىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېڭى تارىخىي دەۋردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى تەستە قولغا كەلگەن تارىخىي پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى پۇختا ئىگىلەپ،ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىناقلىق روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، "چىن، ئەمەلىي ئىشلەش" خىزمەت ئىستىلىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، "ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەش" تەلپىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى كېرەك؛ "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى يادرو قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى ئېچىشى كېرەك؛ ئىچكى - تاشقى تەشۋىقات سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار جامائىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشى ۋە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؛ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، "ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىپ، ئىناقلىق ئاساسىدا ئورتاق گۈللىنىش"نى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىپ ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى پۇختا يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك؛ "سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس"نىڭ چوڭقۇر ئىچكى مەنىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس قارىشىنى ئاڭلىق ئەمەلدە كۆرسىتىشى ھەمدە ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس قارىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە مەزمۇنلارنى يەنىمۇ قېزىشى ۋە شەرھلىشى كېرەك؛ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار جامائىتىنى غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، مۇسۇلمان مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن بايلىق تېجەيدىغان، مۇھىت دوستانىلاشقان جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن، يېڭىلىق يارىتىدىغان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە يارىتىشى كېرەك.

يىغىن شۇنى ئوتتۇرىغا قويدىكى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۆرەش نىشانى: ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئىناق تەرەققىيات يولىغا مېڭىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنى ئىتتىپاقلىقتا، ئىناقلىقتا، كەڭ قورساقلىقتا، يۈكسىلىشكە، شەرەپ - نومۇسقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاللاھقا تەقۋادار بولۇپ، بەندىنى سۆيىدىغان، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان دىن قىلىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ يۈكسەلگەن يېڭى سەھىپە ئېچىشتىن ئىبارەت.

يىغىن شۇنى چاقىرىق قىلىدۇكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، بىرلىكتە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەت ئىزدەپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، 11 - بەش يىللىق يىرىك پىلاننىڭ ئۇتۇقلۇق يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار گۈللىنىشى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى!

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ يېپىلىش نۇتقى

(2006 - يىل5 - ئاينىڭ11 - كۈنى)

ئابدۇللىتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ۋەكىللەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئەلھەمدۇلىللاھ! پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇقى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، نەچچە كۈندىن بېرى، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنىڭ يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بەلگىلەنگەن قارالمىلىرىنى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، مۆلچەرلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، قانائەتلىنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. يىغىن مەزگىلىدە، باشقا يەردە خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېنغا ھاۋالە قىلىپ، يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرگە سالام يوللىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر ھەم مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپ بىلەن يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. يولداش ليۇ يەندۇڭ، يولداش يې شياۋۋېن يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ئەتە چۈشتىن بۇرۇن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يولداش جيا چىڭلىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئالدىراش مەزگىلىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەزالىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلماقچى ۋە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەكچى. رەئىس جيا چىڭلىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلىمەكچى. مانا بۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىگە چوڭقۇر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

نەچچە كۈندىن بېرى، ۋەكىللەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى: «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى: يىغىن «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)، «ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى» (دەسلەپكى لايىھە)، «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى» (دەسلەپكى لايىھە)نى قاراپ چىقىپ، پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يىغىن ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، ئەستايىدىل تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن ئېلان قىلىدۇ؛ يىغىن «جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى»نى ماقۇللىدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقتى. يىغىن مەزگىلىدە، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر رەھبەرلەرنىڭ نۇتقىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قاراشتا بولدى: يولداش ليۇ يەندۇڭ بىلەن يې شياۋۋېننىڭ نۇتقى يۇكسەكلىك دەرىجىدە قىلىنغان سۆز بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا دائىر مۇھىم سىياسەت ۋە يۆنىلىشلىرىنى يەتكۈزۈپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقات

ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەش، ئىسلام دىنى ئەقىدە ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت ئەنئەنىسىنى قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئارا مۇلاقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلام مائارىپىنى ياخشى يولغا قويۇش ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋەكىللەر، يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆز جايلىرىمىزغا ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى تەشكىللەپ ئەستايىدىل ئۆگىنىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، دەپ بىردەك ئىپادە بىلدۈرۈشتى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق قاراشتا بولدى: مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي ئالدىنقى نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتكە ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بويانقى خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى ئەسلىمە ۋە خۇلاسىلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بولغان، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى تەكلىپلەر ئەمەلىي قويۇلغان. ئالتە يىلدىن بېرى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قوللىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىش، مۇقىملىقنى قوغداش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى تەشكىللەشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانا ئورنى قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەشنى ئاچقۇچ قىلىپ، "ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈش، سىرتقى جەھەتتە ئوبراز تۇرغۇزۇش"تىن ئىبارەت خىزمەت تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ، پۇختا ئاساس سالدى.

يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئېھتىياتچان خىزمەت پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسلۇبىغا ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشتەك ئالغا ئىنتىلىش روھىغا يۇقىرى باھا بەردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بويان قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆپچىلىك كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىپ، ھەر كىم ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ماسلاشتۇرغان ئاساستا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا قىممەتلىك تەكلىپ ۋە سەمىمىي ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قاراشتا بولدى: بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان مۇھىم پەيتتە ئېچىلغان مۇھىم يىغىن بولدى، شۇنداقلا، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېڭى بىر تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا ئېچىلغان، ئەمەلىي ئىش قىلغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىدىغان بىر قېتىملىق يىغىن بولدى.

ۋەكىللەر! مەركەز دۆلىتىمىزنىڭ 11-بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ، ئۇ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى. قانداق قىلىپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ماسلاشتۇرۇش ۋە سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش، قانداق قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك، بۈيۈك ھەم جاپالىق ۋەزىپە. بىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىلگىرىكىدەكلا پارتىيە، دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا داۋاملىق ياردەمدە بولۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوغدايمىز؛ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتە چىڭ تۇرۇپ، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى يادرو قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېتەكلەيمىز؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋان-تېررورلۇققا بايرىقىمىز روشەن ھالدا

قارشى تۇرۇپ، ئىسلاھات، مۇقىملىق، تەرەققىيات ئومۇمىيىتى ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇلازىمەت قىلىمىز: مىللەتلەر ئارىسىدىكى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ۋە مەزھەپ ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ،" ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىپ، ئىناقلىقتا تەڭ يۈكسىلىش"نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشەببۇس قىلىمىز: ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى بىر ئەۋلاد يۇقىرى ساپالىق ئىسلامىيەت ئىزباسارلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرىمىز: ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى ۋە ئىلمى تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھى ۋە ئېتىقات ساپلىقىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز: تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ھەج تاۋاپ قىلىش سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەج تاۋاپ جەھەتتىكى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئىگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرىمىز ۋە يۇقىرى كۆتىرىمىز: تاشقى ئالاقە پائالىيىتىنى ئاكتىپ ۋە پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق دىپلوماتىيىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز: ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسەت ئېڭى، ئومۇمىيلىق ئېڭى، مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز: ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەيمىز.

ۋەكىللەر، بىزنىڭ كەلگۈسى پۇرسەت ۋە رىقابەتكە يۈزلىنىشكە بولغان ئىشەنچىمىز كامىل. بىز ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ،دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، پۇختا خىزمەت قىلىدىغانلا بولساق، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يېڭىپ، تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچالايمىز. بۇ يەردە، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن، يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەرگە، مېھمانلارغا، يىغىنىمىزغا مۇلازىمەتتە بولغان بارلىق خىزمەتچى خادىملارغا ھەم يىغىنىمىزغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن، ياردەم بەرگەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ۋە يولداشلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ھازىر جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقىنى جاكارلايمەن.

---

(بېشى 15 - بەتتە)

ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانا ئورنىنى ئۆزگەرتىپ بېرىش ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلغان بولۇپ، پىلان بويىچە سۈپەت ۋە سانغا كاپالەتلىك قىلىنىپ تاماملىنىشى لازىم . ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ "قاتتىق دېتال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش" جەريانىدا "يۇمشاق دېتال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش "كە تىرىشىپ، مەكتەپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى ، ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلۇشى ، دەرسلىك تۈزۈش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭ ئىلگىرىلىشى لازىم. ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇقىم بولغان، يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر بۆلۈك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى جەريانىدا، "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەرسلىكنى ياخشى ئىشلىتىپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ئەقىدە ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۇنىدىن باشقا يەنە، ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنى، ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلىرىنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئويلاش ئارقىلىق، زور كۈچ سەرپ قىلىپ يېڭى بىر دەۋر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش لازىم.

بىز يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز بۇرچىنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالماي، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، دۆلەتنى سۆيۈپ، دىننى سۆيۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش جەريانىدا، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يېڭى سەھپە يارىتىشىغا ئىشىنىمىز.

يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىشىغا تىلەكداشمەن!

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ شىنجاڭلىق ۋەكىللىرى ئىسملىكى

(مىللەت نامى بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر)

قەشقەر ۋىلايىتىدىن:جۇمە داموللا ھاجى(قەشقەر شەھىرى)، مەمتىمىن قارى ھاجى(قەشقەر شەھىرى)، زۇنۇن قارى ھاجى(كوناشەھەر)، ئابدۇسەمەت ھاجى(يەكەن)، ئابدۇقادىر مەخسۇم ھاجى(ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ)، ئابدۇرەھمان ئىمىن(كوناشەھەر)، ئەزىزىدىن ئابلىز(تاجىك، پوسكام)، ۋاھاپ قارى ھاجى(يېڭىسار)، ئابباس مەمەت(يېڭىشەھەر)، ئابلىمىت مىجىت(پوسكام)، مەخسۇدەم قاسىم(ئايال، قەشقەر شەھىرى)؛

خوتەن ۋىلايىتىدىن:ئابدۇللىتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى(خوتەن شەھىرى)، ئابلىمىت داموللا ھاجى(خوتەن شەھىرى)، ئابلەتخان مەتسىيىت(قاراقاش)، نەبىخان ئابلىز(لوپ)، ئوبۇلھەسەن ئىمىن(چىرا)، ئابلىز مەتناسىر(خوتەن ناھىيە)، ئەھمەت ئالىم(گۇما)، پاتەمخان سايىت(ئايال، خوتەن ناھىيە)؛

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن:ئابلىمىت يەھيا(كەلپىن)، ئابلا ئايۇپ ھاجى(توقسۇ)، قاھار ئىسمائىل(كۇچار)، ئابلىكىم ئۆمەر(ئاقسۇ شەھىرى)، رەھمىتۇللا ھىدەيىتۇللا(شايار)، قۇدرىتۇللا ئەمەت(ئاۋات)؛

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن:نىياز قارى ھاجى(قىرغىز، ئاقتو)، جارۇللا قارى ھاجى(ئاتۇش شەھىرى)، ئوسمانجان قارى(ئاقتو)، مەمەت ئەلى سارتاي(قىرغىز، ئۇلۇغچات)؛

بايىنغولىن ئوبلاستىدىن:غوپۇر كېرەم(كورلا شەھىرى)، ما خۇڭشۇ ھاجى(خۇيزۇ، قاراشەھەر)، ئابلىمىت ئىمىن(كورلا شەھىرى)، ئابلەت ھۇشۇر(بۈگۈر)، ئامىنىخان ياقۇپ(ئايال، كورلا شەھىرى)؛

تۇرپان ۋىلايىتىدىن:بەي شۆمىڭ(خۇيزۇ، توقسۇن)، بەكرى مامۇت(پىچان)، نۇراخۇن مەھمۇت(ئايال، تۇرپان)؛

ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىن:ئابدۇقادىر ئۆمەر(غۇلجا شەھىرى)، يەھياجان مۇزەپپەر(ئۆزبەك، غۇلجا شەھىرى)، ما يۈلىن ئاخۇن(خۇيزۇ، غۇلجا شەھىرى)، ئابدۇرىشىت قارى ھاجى(قورغاس)، ما شىنمىن(دۇڭشياڭ، غۇلجا ناھىيە)، كەنجىباي ئەلىخان(قازاق، كۈنەس)، ئابدۇۋاھىت سەيدىۋاققاس(غۇلجا شەھىرى)، داۋكەش دۈزباي(قازاق، غۇلجا ناھىيە)؛

ئالتاي ۋىلايىتىدىن:ھاجى ئەكبەر قوڭۇر(قازاق، بۇرۇلتوقاي)، قايسا تاڭقاي(قازاق، جىمىنەي)؛

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن:غالىمبەت چىگىر(قازاق، تولى)، ئابلەت قارى يۇنۇس(قوبۇقسار)، دۆلەتقان ئىسلامقان(قازاق، دۆربىلجىن)؛

بۆرتالا ئوبلاستىدىن:ھەمدۇللا قارى ھاجى(بۆرتالا شەھىرى)، سىتباتتال قالىي(قازاق، ئارشاڭ)؛

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن:ئىسمائىل سەيدۇللا(قۇمۇل شەھىرى)، جېڭىس شاقاي(قازاق، باركۆل)؛

سانجى ئوبلاستىدىن:ما يۇشياۋ ئاخۇن(خۇيزۇ، مىچۈەن شەھىرى)، ئاقات موللا(قازاق، قۇتۇبى)، ھامۇت ھاجى(گۇچۇڭ)، بەيدۇللا(تاتار، گۇچۇڭ)، كۇ جىنفا ئاخۇن(خۇيزۇ، سانجى شەھىرى)، ياڭ جىنخۇا(ئايال، خۇيزۇ، مىچۈەن شەھىرى)؛

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:ما شۇشىن ئاخۇن(خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى)، ما ئەنتەي ئاخۇن(خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى)، مەھمۇد تۇرسۇن داموللا(ئۈرۈمچى شەھىرى)، ئابدۇرەھمان ئىسمۇئەزەم موللا(قازاق، ئۈرۈمچى ناھىيىسى)، ئابلىكىم نۇراخۇن(ئۈرۈمچى شەھىرى)، ما ۋېنشۇن(خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى)، زورەم ئابدۇرېھىم(ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى)؛

قاراماي شەھىرىدىن:مۇھەممەد تۇرسۇن داموللا ھاجى(قاراماي)؛

ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلاردىن:مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى(ئىسلام ئىنىستىتۇتى)، تەلئەت تۇرسۇن(ئىسلام جەمئىيىتى)، ئابدۇرېقىپ داموللا ھاجى(ئىسلام ئىنىستىتۇتى)، ئىبراھىم ۋۇ جىگۇاڭ(خۇيزۇ، ئىسلام دىنى مەكتىپى)، ما جىن(خۇيزۇ، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، ئازات ئۆمەر(بىرلىك سەپ بۆلۈمى)، غوجا ئابدۇللا ئوسمان (ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى)؛

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن:ئەنۋەر جاپپار(دىن ئىشلىرى باشقارمىسى)، نۇرئەھمەد ئىمىن(مارالبېشى 51 ـ تۇەن)، ما فۇتۇ(خۇيزۇ، سەنپىڭ دېخانچىلىق مەيدانى)

مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن: شەمشىدىن ھاجى(ئىسلام جەمئىيىتى)، ئابدۇرېھىم ئىمىن(ئىسلام جەمئىيىتى)، ھاجى بارات رەجەپ(ئىسلام جەمئىيىتى)، ئادىلجان ھاجى كېرەم(ئىسلام جەمئىيىتى)، ئېلسۆيەر(ئايال، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش)، ھەبىبۇللا غوجا(مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى)، ئەركىن قادىر(مىللەتلەر نەشرىياتى)، زامالقان(ئايال، قازاق، مىللەتلەر نەشرىياتى).

ئۇنىڭدىن باشقا گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كامالجان(قازاق، مەسچىت ئىمامى)، خونەن ئۆلكىسىدىن جيەن ۋېيپىڭ (ئۇيغۇر، مەسچىت ئىمامى)، فۇ جيەن ئۆلكىسىدىن ساجىدە(ئۇيغۇر، دورا كارانتىن ئورنىدىن) قاتارلىقلارمۇ ۋەكىل سۈپىتىدە يىغىنغا قاتناشتى.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك شىنجاڭلىق ھەيئەت ئەزالىرى

(مىللەت نامى بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر)

ئابدۇللىتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى، جۇمە دامولла ھاجى، نىياز قارى ھاجى(قىرغىز)، ھاجى ئەكبەر قوڭغۇر(قازاق)، يەھياجان مۇزەپپەر(ئۆزبەك)، مائەنتەي ئاخۇن(خۇيزۇ)، تەلئەت تۇرسۇن، ئابدۇرېقىپ دامولла ھاجى، مايۇشياۋ ئاخۇن(خۇيزۇ)، مەھمۇد تۇرسۇن دامولла ھاجى، كۇجىنفا ئاخۇن(خۇيزۇ)، بەيدۇللا(تاتار)، ئاقات موللا(قازاق)، ھامۇت ھاجى، ئىبراھىم ۋۇجىڭگواڭ(خۇيزۇ)، ھەمدۇللا قارى ھاجى، ئابدۇقادىر ئۆمەر، ئابدۇرېشىت قارى ھاجى، ما يۇلىن ئاخۇن(خۇيزۇ)، كەنجىباي ئەلىخان(قازاق)، ئابدۇۋاھىت سەيدىۋاققاس، ما شىنمىڭ ئاخۇن(دۇڭشياڭ)، مۇھەممەد تۇردى دامولла ھاجى، ما شۇشىن ئاخۇن(خۇيزۇ)، ئابلىكىم نۇراخۇن، ئابدۇرەھمان ئىسمۇئەزەم(قازاق)، ئىسمائىل سەيدۇللا، بەكرى مامۇت، بەي شۈمىڭ ئاخۇن(خۇيزۇ)، ئابلەت قارى يۇنۇس، غالىمىت چىگىر(قازاق)، رەھمىتۇللا ھىدەيىتۇللا، ئابلا ئايۇپ ھاجى، ئابلىمىت يەھيا، ئابلىكىم ئۆمەر، قاھار ئىسمائىل، جارۇللا قارى ھاجى، ئابلەت ھوشۇر، ئابلىمىت ئىمىن، غوپۇر كېرەم، ماخۇڭۋۇ ئاخۇن(خۇيزۇ)، مەمتىمىن قارى ھاجى، زۇنۇن قارى ھاجى، ئابدۇسەمەت ھاجى، ئابدۇقادىر مەخسۇم ھاجى، ئابدۇرەھمان ئىمىن، ۋاھاب قارى ھاجى، ئابباس مەمەت، ئەزىزىدىن ئابلىز(تاجىك)، ئابلىمىت دامولла ھاجى، نەبىخان ئابلىز، ئوبۇلھەسەن ئىمىن، ئابلەتخان مەتسىيىت، ئابلىز مەتناسىر.

مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى شىنجاڭلىق ھەيئەت ئەزالىرى:

شەمشىدىن ھاجى، ئابدۇرېھىم ئىمىن، ھاجى بارات رەجەپ، ئادىلجان ھاجى كېرەم، ئېلسۇيەر(ئايال)، ھەبىبۇللا خوجا، ئەركىن قادىر، زامالقان(ئايال، قازاق).

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىسملىكى

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇلىتىپ ئابدۇرەھىم دامولла ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، ئادىلجان ھاجى كېرەم(ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى) ئابدۇرېقىپ دامولла(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، ئەنۋەر جاپپار(ئۇيغۇر، بېيجىڭ)، ئەن يۇڭخەن(خۇيزۇ، خۇبېي)، بەي رۇنشىڭ(خۇيزۇ شاڭخەي)، بەي يۇپىڭ(ئايال، خۇيزۇ، گەنسۇ)، تەلئەت تۇرسۇن(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، جاڭ جىنشەن(خۇيزۇ، خېبېي)، جاڭ داۋدې(خۇيزۇ، گۇاڭشى)، جاۋ ۋېيپىن (خۇيزۇ، سەنشى)، جۇمە دامولла ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭ)، چېن گۇاڭيۇەن (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى) خوڭ چاڭيو (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، خواڭ چيورۇن (خۇيزۇ، فۇجيەن)، خەن شېڭگۈي(خۇيزۇ، چىڭخەي) خەن جوخۇي(سالا، چىڭخەي)، خې فۇلى(خۇيزۇ، نىڭشيا)، دىڭ جىپىڭ(خۇيزۇ، شەنشى)، دىڭ ۋېنفاڭ(خۇيزۇ، سەندۇڭ) شەمشىدىن ھاجى (ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، شى تۇڭچياڭ(خۇيزۇ، خېبېي)، شى مىڭدېڭ(خۇيزۇ، ئىچكى موڭغۇل) شې شېڭلىن (خۇيزۇ، نىڭشيا)، شۈ تيەنلى(خۇيزۇ، بېيجىڭ) گۇي شىجياڭ(خۇيزۇ، گۈيجۇ)، گو گاۋمىڭ(خۇيزۇ، سىچۈەن)، ليۇ شۇشياڭ(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ليۇ كەيلەن(خۇيزۇ، تيەنجىن)، ليۇ شىيىڭ (خۇيزۇ، خېلۇڭجياڭ)، ليۇ باۋچى (خۇيزۇ، خېنەن)، لى خۇڭبىن(خۇيزۇ، لياۋنىڭ)، لى مۇتاڭ(خۇيزۇ، ئەنخۇي)، ما ۋېنيۇن(دۇڭشياڭ، گەنسۇ)، ما كەيشەن(خۇيزۇ، يۈننەن)، ما يۈنفېڭ(خۇيزۇ، جۇڭچىڭ)، ما يۈنفۇ(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ما ئەنتەي(خۇيزۇ، شىنجاڭ)، ما شىپىڭ(خۇيزۇ، شەنشى)، ما جۇڭجې(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ما لياڭشېڭ(خۇيزۇ، خۇنەن)، ما چوڭلىن (خۇيزۇ، يۈننەن)، ما جىڭيۈ(خۇيزۇ، گەنسۇ)، ما يۈجۈن(خۇيزۇ، گەنسۇ)، نىياز قارى ھاجى (قىرغىز، شىنجاڭ)، ھاجى ئەكبەر قوڭغۇر (قازاق، شىنجاڭ)، ۋاڭ ۋۇلوڭ (خۇيزۇ، جياڭشى)، ۋۇ يىپې(خۇيزۇ، جياڭسۇ)، ۋۇ جىڭفاڭ(خۇيزۇ، نىڭشيا)، ياڭ ۋەنلى(خۇيزۇ، خېنەن)، ياڭ فامىڭ(خۇيزۇ، نىڭشيا)، ياڭ جىبو (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، ياڭ جىڭتىڭ (خۇيزۇ، جىلىن)، ياڭ سېن(خۇيزۇ، گەنسۇ)، يۈي جېنگۈي(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى)، يەھياجان مۇزەپپەر(ئۆزبەك، شىنجاڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپى ئىسىملىكى

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

**رەئىس:** ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن (خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)

**مۇئاۋىن رەئىسلەر:**

ئابدۇللىتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭدىن)، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، ھەبىبۇللا شى شىڭلىن(خۇيزۇ، نىڭشىيادىن)، ئابدۇللا خېن شىڭگۈي(خۇيزۇ، چىڭخەيدىن)، ھاجى ئەكبەر قوشۇر(قازاق، شىنجاڭدىن)، ئىبراھىم ۋۇ يىيې(خۇيزۇ، جياڭسۇدىن)، يۈسۈف لىيۇ باۋچى(خۇيزۇ، خېنەندىن)، ئىبراھىم دىڭ ۋېنفاڭ(خۇيزۇ، سەندۇڭدىن)، نىياز قارى ھاجى(قىرغىز، شىنجاڭدىن)، مۇھەممەد سىددىق ماجۇڭجى(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، جۇمە دامولla ھاجى(ئۇيغۇر، شىنجاڭدىن)، سۇلايمان ماكەيشەن(خۇيزۇ، يۈننەندىن)، يۈسۈف ما ئەنتەي(خۇيزۇ، شىنجاڭدىن) ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، يەھيا ماۋېنيۈن(دۇڭشياڭ، گەنسۇدىن) مۇستافا ياڭ جىبو(خۇيزۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)، ئادىلجان ھاجى كېرەم(ئۇيغۇر، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن)

**باش كاتىپ:** ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ (قوشۇمچە)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىسىملىكى

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا كېڭىشىپ كۆرسىتىلگەن)

نۇئمان ماشيەن(خۇيزۇ)، خەن مەنسۇر(سالار)، ئابدۇرېھىم ئىمىن(ئۇيغۇر)، مۇھەممەد سالىھ دامولla ھاجى (ئۇيغۇر)، ئەلى لىيۇشۇشياڭ (خۇيزۇ)، مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ (خۇيزۇ)، شەمشىدىن ھاجى(ئۇيغۇر)، خالىد ياڭ زۇڭشەن(خۇيزۇ)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ئىسىملىكى

(2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى باش كاتىپ ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

ھاجى بارات رەجەب (ئۇيغۇر)، سالىھ ما شىپىڭ(خۇيزۇ)، نەبىل ما جۇڭپىڭ(خۇيزۇ)، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ(خۇيزۇ)، ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن(خۇيزۇ)، ئىمادىددىن ۋېن جيەن(خۇيزۇ)

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ژۇرنالىنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا بىز ھىجرىيە 4 - ئەسىرنىڭ مۇھەددىسلىرى ئىچىدىن ئۆزۈپ چىقىپ ئىلمىي ھەدىستە يۇقىرى سەۋىيە ھاسىل قىلىپ، ھىجرىيە 3 - ئەسىر ھەدىسشۇناسلىرىغا ئوخشاش كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان زاتلار ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق.

ھىجرىيە 4 - ئەسىردىن كېيىن ئىلمىي ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغان ئۆلىمالارنىڭ ئىشى بۇرۇن يېزىلغان ھەدىس كىتابلىرىنى باشقىچە تەرتىپتە تۈزۈش، رەتلەش، ئۇلارنى جەملەپ بىر كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈش، تەكرار ھەدىسلىرىنى قالدۇرۇش، قىسقارتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

«سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «سەھىھۇلمۇسلىم» نى جەملەپ كىتاب تۈزگەنلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ نەسر ھومەيدى (ھىجرىيە 488 - يىلى ۋاپات بولغان) جەملەپ تۈزگەن كىتابىغا شەرھ ۋە ھاشىيەلەرنى يازغان.

2. ھۇسەيىن ئىبنى مەسئۇد بەغەۋى (ھىجرىيە 516 - يىلى ۋاپات بولغان).

3. ئىسمائىل ئەھمەد، بۇ زات ئىبنى فۇراد نامى بىلەن مەشھۇر بولغان (ھىجرىيە 514 - يىلى ۋاپات بولغان).

4. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەق ئىشبىلى (ھىجرىيە 582 - يىلى ۋاپات بولغان)

5. ئىبنى ئەبۇ ھوججە نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد قۇرتۇبى (ھىجرىيە 642 - يىلى ۋاپات بولغان).

6. ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد بەرقانى (ھىجرىيە 425 - يىلى ۋاپات بولغان).

7. ئەبۇ مەسئۇد ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيد دەمەشقى (ھىجرىيە 401 - يىلى ۋاپات بولغان)

8. ئەبۇ سائادات ئىبنى ئەسىر (ھىجرىيە 606 - يىلى ۋاپات بولغان).

بۇ توپلاملار ئارىسىدا ھومەيدىنىڭ تۈزگەن توپلىمى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

## سىھاھسىتتە كىتابلىرىنىڭ جەملىنىپ بىر توپلام قىلىنىشى

ئەبۇ ھەسەن رەزىن ئىبنى مۇئاۋىيە ئەبدەرى (ھىجرىيە 535 - يىلى ۋاپات بولغان) سىھاھسىتتەنى توپلام قىلىپ بىر كىتاب قىلىپ چىققان («سۇنەن ئىبنى ماجە» نىڭ ئورنىغا «مۇۋەتتا» نى كىرگۈزگەن).

ئەبۇ سائادات موبارەك ئىبنى ئەسىر مەجدىددىن (ھىجرىيە 606 - يىلى ۋاپات بولغان) سىھاستتەنى توپلام قىلىپ تۈزۈپ چىققان. بۇ توپلامنى «جامع الأصول لأحاديث الرسول» (جامىئۇلئۇسۇل) دەپ

*باش قىسمى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا

ئاتىغان.

بۇ تۈپلامدا قىيىن سۆزلەر شەرھلەنگەنلىكى، ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرى قىسقارتىلغانلىقى ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى دەپ ھېسابلانغان.

جامىئۇلئەزھەر ئۆلىمالىرىدىن بولغان شەيخ ئابدۇرەببى ئىبنى سۇلايمان ئىبنى مۇھەممەد بۇ كىتابقا شەرھى يازغان بولۇپ ئۇنى «جامع المعقول والمنقول شرح جامع الأصول» (جامىئۇلمەئقۇل ۋەلمەنقۇل)دەپ ئاتىغان. لېكىن بۇ شەرھى تاماملىنالماي قالغان.

«جامىئۇلئۇسۇل» كىتابىنى مۇھەممەد مەرۇزى (ھىجرىيە 682 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ھىبەتۇللا ئىبنى رەھىم ھەمەۋى(ھىجرىيە 718 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەلى شەيبانى زەبىدى(ھىجرىيە 944 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار قىسقارتىپ چىققان.

ئابدۇلھەق ئىبنى ئابدۇرەھمان ئىشبىلى(ھىجرىيە 582 ـ يىلى ۋاپات بولغان)مۇ سىھاھىسسىتتەنى بىرلەشتۈرۈپ تۈپلام قىلىپ چىققان.

تۆرلۈك كىتابلاردىن تاللاپ ھەدىس تۈپلىمى قىلىپ چىقىلغان كىتاب ئىمام ھۇسەيىن ئىبنى مەسئۇد بەغەۋى(ھىجرىيە 516 ـ يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ «مصابيح السنة»(مەسابىھۇسسۇننە) كىتابى بولۇپ، بۇنىڭدا 4484ھەدىس جەملەنگەن. بۇ كىتابقا ئۆلىمالار ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ نۇرغۇن شەرھلەرنى يازغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خەتىپ «مصابيح السنة» (مەسابىھوسۇننە)نى ئۆزگەرتىپ، بىر قىسىم مەزمۇنلارنى قوشۇپ ھىجرىيە 737 ـ يىلى باشقىچە يېزىپ چىققان. بۇ كىتابىنى «مشكاة المصابيح»(مىشكاتۇلمەسابىھ) دەپ ئاتىغان.

«مشكات»قا نۇرغۇن ئۆلىمالار شەرھى يازغان. جۈملىدىن قازى بەيزاۋى (ھىجرىيە 685 ـ يىلى ۋاپات بولغان)مۇ «مشكات»قا شەرھى يازغان.

ئەبۇ فەرەج ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەلى ھەۋزى (ھىجرىيە 597 ـ يىلى ۋاپات بولغان) سەھىھۇلبۇخارى بىلەن سەھىھۇلمۇسلىمنى، ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد»كىتابىنى، «جامىئ تىرمىزى»نى قوشۇپ بىر تۈپلام قىلىپ «جامع المسانيد والألقاب» (جامىئلمەسانىد) دەپ ئاتىغان.

ئىمام ھافىز ھەسەن ئىبنى ئەھمەد سەمەرقەندى(ھىجرىيە 491 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بحر الأسانيد(بەھرۇلئەساند) كىتابىنى يازغان بولۇپ بۇنىڭدا يۈزمىڭ ھەدىسنى جەملىگەن.

«كەشپۇززۇنۇن» كىتابىدا «بەھرۇلئەساند»قا باھا بېرىپ مىسلى يوق كىتاب دېيىلگەن.

## ئەھكام ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەرگە دائىر ھەدىسلەر يېزىلغان ھەدىس كىتابلىرى

1. «كتاب منتقى الأخبار في الأحكام» (مۇنتەقەلئەخبار) كىتابى ھەدىسشۇناس مەجددىن ئەبۇ بەرىكات ئابدۇسسالام ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇلقاسىم يەنى ئىبنى تەيمىيە تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ھەدىسلەر «سەھىھۇلبۇخارى»، «سەھىھۇلمۇسلىم»، ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد»كىتابى، «جامىئ تىرمىزى»، «سۇنەن نەسەئى»، «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»، «سۇنەن ئىبنى ماجە»دىكى ھەدىسلەردىن تاللانغان. ھەدىسلەرنىڭ ئاخىرىدا ئاشۇ كىتابلاردىن ئېلىنغانلىقى ئەسلىتىلىپ، ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرى تىلغا ئېلىنمىغان.

2. ھىجرىيە 458 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ئەھمەد ئىبنى ھۇسەيىن بەيھەقى تەرىپىدىن «السنن الكبرى» (سۇنەن كۇبرا) كىتابى يېزىلغان. ئىبنى سالاھ: "بەيھەقىنىڭ سۇنەن كىتابىدىنمۇ ئارتۇق سۈننەت بارىسىدا دەلىللەر تولۇق كەلتۈرۈلگەن كىتاب يوق. گوياكى ئۇ ھەممە ھەدىسلەرنى كىتابىغا جەملىگەن" دەيدۇ. بەيھەقىنىڭ يەنە «السنن الصغرى»(سۇنەن سۇغرا) كىتابىمۇ بار. بۇ كىتاب توغرىلىق: "ھەدىس بابىدا بۇنداق كىتاب تەسنىق قىلىنمىغان" دېگەنلەرمۇ بار.

3. ھەدىسشۇناس ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلھەق ئىشبىلى «الأحكام الصغرى»(ئەھكامۇسسۇغرا) ناملىق ھەدىس كىتابىنى يازغان. ئۇ: بۇ كىتابىمدا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا، ھالال ـ ھارامغا ۋە ۋەز ـ نەسىھەتكە دائىر رەسۇلۇللاھنىڭ تارقاق ھەدىسلىرىنى جەملىدىم. بۇنىڭغا مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى، ئەبۇ ھۇسەن مۇسلىم ئىبنى ھوججاج قۇشەيرى نىشاپورىنىڭ"كىتابلىرىدىن ۋە باشقا

ھەدىس كىتابلىرىدىن ئالغان ھەدىسلەرنى جەملىدىم" دەيدۇ.

4. «عمدة الأحكام» (ئۇمدەتۇلئەھكام) ھەدىسشۇناس ئىمام ئابدۇغېنى ئىبنى ئابدۇۋاھىد مەقدەسى(ھىجرىيە 600 - يىلى ۋاپات بولغان) بۇ كىتابىدا بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ئەھكام ھەدىسلەرنى جەملىگەن. بۇنى ئىبنى دەقىق شەرھلىگەن.

5. «الترغيب والترهيب» (ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب)، ھەدىسشۇناس ئابدۇلئەزىم ئىبنى ئابدۇل قەۋى (ھىجرىيە 656 - يىلى ۋاپات بولغان) يازغان. بۇ كىتاب زامانىمىزدا ۋەز سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تولىسىنىڭ بىردىنبىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ كەلمەكتە.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ ھەدىس كىتابلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ توپلام قىلىپ ئىشلەش ئىشى داۋاملاشقان. ھەدىسشۇناس «ئىبنى كەسىر» نامى بىلەن مەشھۇر ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر دەمەشقى(ھىجرىيە 774 - يىلى ۋاپات بولغان) «جامع المسانيد»(جامىئۇل مەسانىد) كىتابىنى تۈزگەن. بۇنىڭدا «سەھىھۇلبۇخارى»، «سەھىھۇلمۇسلىم»، «سۈنەن نەسەئى»، «سۈنەن ئىبنى داۋۇد»، «سۈنەن تىرمىزى»، «سۈنەن ئىبنى ماجە» ۋە ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد» كىتابىنى، بەززار، ئەبۇيەئلانىڭ «مۇسنەد»لىرىنى ۋە تەبەرانىنىڭ «المعجم الكبير» (ئەلمۇئجەمۇل كەبىر) كىتابلىرىنى جەملىگەن.

ھەدىسشۇناس ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى سۇيۇتى (ھىجرىيە 911 - يىلى ۋاپات بولغان) «جمع الجوامع»(جەمئۇلجەۋامىئ)ناملىق كىتابىنى يېزىپ، بۇنىڭغا مەشھۇر سىھاھىسىتتەنىڭ ھەدىسلىرىنى جەملىگەن. مەناۋىنىڭ ئېيتىشىچە، سۇيۇتى بۇ كىتابىنى تاماملاشتىن بۇرۇن قازا قىلىپ كەتكەن. ھىجرىيە 975 - يىلى ۋاپات بولغان ھىندىستانلىق ئالائىددىن ئىبنى ئەلى ئۇنى رەتلەپ، تۈزىتىپ «كنز العمال فى سنن الأقول و الأنفال» (كەنزۇل ئۇممال) كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئۇنى يەنە قىسقارتىپ «منتخب كنز العمال» (مۇنتەخەب كەنزۇل ئۇممال) دەپ ئاتىغان. بۇ دەۋردە يەنە ئىبنى دەقىق (ھىجرىيە 702 - يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ «كتاب الإلمام فى أحاديث الأحكام» (ئىلمام) دېگەن كىتابى يېزىلغان. شۇنداقلا زەيىنىددىن ئابدۇرەھىم ئىراقى(ھىجرىيە 805 - يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ «تقريب الأسانيد وترتيب المسانيد» (تەقرىبۇل ئەسانىد) كىتابى مەيدانغا كەلگەن. ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى(ھىجرىيە 852 - يىلى ۋاپات بولغان) ئەھكام ھەدىسلىرىگە دائىر «بلوغ المرام» (بۇلۇغۇلمەرام) كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب 1400 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كىتابقا نۇرغۇن ئۆلىمالار تەرىپىدىن شەرھ يېزىلغان. جۈملىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل سەنئانى(ھىجرىيە 1181 - يىلى ۋاپات بولغان) «سبل السلام»(سۇبۇلۇسسەلام) ناملىق شەرھىنى يېزىپ چىققان.

ئەقائىد، فىقھى، ئۇسۇلى فىقھى، تەپسىر، تەسەۋۋۇپ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلىملەر توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلاردا دەلىل كەلتۈرۈش ۋە نەقىل قىلىش يۈزىسىدىن كۆپلىگەن ھەدىسلەر بېرىلگەن. مەزكۇر كىتابلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ھەدىسلەرنىڭ قايسى ھەدىس كىتابلاردىن ئېلىنغانلىقى، ئۇلارنىڭ سەھىھ، سەھىھ ئەمەسلىكى ئۈستىدە توختالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئۆلىمالار مۇنداق كىتابلاردا بېرىلگەن ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسى، دۇرۇسلۇق دەرىجىسى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ كىتابلا يازغان. ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسىنى مۇنداق ئېنىقلاپ چىقىش "تەخرىج" دەپ ئاتالغان.

ھىجرىيە 762 - يىلى ۋاپات بولغان ھەدىسشۇناس جامالىددىن ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللا زەيلەئى «تەپسىرى كەششاف»نىڭ فىقھى كىتابى «ھىدايە»نىڭ ھەدىسلىرىگە تەخرىج يازغان. ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى زەيلەئىنىڭ «كەششاب»قا يازغان تەخرىجىنى قىسقارتىپ، «الكافى الشاف فى تخريج احاديث الكشاف» (ئەلكافىششاف) دەپ ئاتىغان. ھەدىسشۇناس شەيخ مۇھەممەد (ھىجرىيە 1175 - يىلى ۋاپات بولغان) «تەپسىر بەيزاۋى»نىڭ ھەدىسلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەخرىج يازغان. ئۇنى «تحفة الراوى فى تخريج احاديث البيضاوى» (تۇھفەتۇرراۋى) دەپ ئاتىغان. بەزى ئۆلىمالار تەھاۋىنىڭ «شرح معانى الأثار» (شەرھى مەئانىلئاسار) كىتابىغا تەخرىج يېزىپ، ئۇنى «الحاوى فى بيان آثار الطاوى» (ئەلھاۋى)دەپ ئاتىغان.

ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر ئىمام نەۋەۋىنىڭ

«الأذكار» (ئەلئەزكار) كىتابىغا ۋە «مشكات» كىتابىنىڭ ھەدىسلىرىگە تەخرىج يازغان. «مشكات»قا يازغان تەخرىجىغا «هداية الرواة الى تخريج أحاديث المصابيح والمشكاة» (ھىدايەتۇررۇۋات) نامىنى قويغان. ھەدىسشۇناس سۇيۇتى قازى ئىيازنىڭ «الشفا» كىتابىغا«تەخرىج»يېزىپ ئۇنى« مناهل الصفا تخريج احاديث الشفا» (مەنا ھىلوسسافا) دەپ ئاتىغان. تاجىسۇبۇكى، ئىبنى مولەققەن، زەيىنددىن ئىراقى قاتارلىق ئالىملار بەيزاۋىنىڭ «منهاج الأصول» (مىنھاجولئۇسۇل)كىتابىغا تەخرىج يازغان. ئالىم جامالىددىن زەيلەئى «ھىدايە» كىتابىنىڭ ھەدىسلىرىغا تەخرىج يېزىپ، ئۇنى «نصب الراية لاحاديث الهداية» (نەسبۇررايە)دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدەك ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر ھىدايەنىڭ ھەدىسلىرىگە تەخرىج يېزىپ ئۇنى «الدراية فى منتخب تخريج احاديث الراية» (ئەددىرايە) دەپ ئاتىغان ھەمدە ئالىم زەيىنددىن ئىراقى ئىمام غەززالىنىڭ «احياء علوم الدين»(ئىھيا) كىتابىنىڭ ھەدىسلىرىگە تەخرىج يازغان.

بىز يۇقىرىدا بىر قىسىم كىتابلارنىڭ ھەدىسلىرىگە يېزىلغان «تەخرىج»لەر ئۈستىدە توختالدۇق. ئۇلاردىن باشقا تۈرلۈك مەزمۇندىكى كىتابلاردا كەلگەن ھەدىسلەرگە ۋلىمالار تەرىپىدىن «تەخرىج»لەر يېزىلغان. بۇنىڭ لەن كىتابخانلار كىتابلاردا نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ سەھىھ، غەيرى سەھىھ ئىكەنلىكىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىشتا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنغان.

مۇھەددىسلەر ھەدىسلەردىن سەھىھ ۋە غەيرى سەھىھ ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى ھەدىس راۋىلىرىنىڭ تەرجىمھالى ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەر ئىشلەنگەن، جۈملىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلغان. بەزى ئەسەرلەر مەخسۇس ئىشەنچلىك رىۋايەت قىلغۇچىلار ھەققىدىلا يېزىلغان. ئەبۇ ھاتەم ئىبنى ھىببان بوستى تەرىپىدىن يېزىلغان «كتاب الثقات»(ئىشەنچلىك راۋىلار) دېگەن كىتاب زەيىنددىن قاسىم ئىبنى قۇتلۇبىغا (ھىجرىيە 819 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان (ئىشەنچلىك راۋىلار) دېگەن كىتاب، يەنە خەلىل ئىبنى شاھىنىنىڭ يۇقىرىقى كىتابلار بىلەن ئىسىمداش بولغان كىتابى شۇلار جۈملىسىدىندۇر. زەيىنددىن قاسىم بۇ«كتاب الثقات» ناملىق تۆت جىلدلىق كىتابىدا مەخسۇس سىھاھىسىتتەدە تىلغا ئېلىنمىغان راۋىلارنى يازغان. يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ ئەكسىچە بەزى مۇھەددىسلەر مەخسۇس ئىشەنچسىز بولغان زەئىپ راۋىلارنىڭ تەرجىمھالىنى يېزىپ چىققان. ئىمام بۇخارى، ئىمام نەسەئى، ئەبۇ ھاتەم ئىبنى ھىببان بوستى، دارىقۇتنى، مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى مۇسا، ئەبۇ نەئىم ئابدۇلمەلىك ئىبنى مۇھەممەد جۇرقانى، ئەبۇ فەرەج ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەلى جەۋزىلەر ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا «كتاب الضعفاء»(زەئىپ راۋىلار) ئىسىملىك كىتابلارنى تەئلىق قىلغان.

بىرەر زەئىپ راۋى ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولغان ئادەم يۇقىرىقى ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەبۇ ئەھمەد ئابدۇللانىڭ (كىتابۇلكامىل) ناملىق ئەسىرى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئەتراپلىق يېزىلغان. بەزى ئالىملار ئىشەنچلىك راۋىلار بىلەن زەئىپ راۋىلارنىڭ تەرجىمھالى ئۈستىدە بىرلەشتۈرۈپ يازغان. بۇ توغرۇلۇق يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرراقلىرى ئىمام بۇخارىنىڭ («چوڭ تارىخ»، «ئوتتۇرا تارىخ»، «كىچىك تارىخ») ناملىق ئەسەرلىرىدۇر. «چوڭ تارىخ» كىتابى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولسا، «ئوتتۇرا تارىخ» بىلەن «كىچىك تارىخ» يىل تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن. ئالىم ئىبنى سەئىد (تەبەقاتۇلكۇبرا) كىتابىنى يازغان. مۇھەددىس ئىبنى كەسىر «تەكمىل»ناملىق كىتابىنى يازغان. نۇرغۇن راۋىلارنىڭ تەرجىمھالى خىلمۇ خىل تارىخ كىتابلىرىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە مۇھەددىس ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى خەتىپ باغدادىنىڭ «باغدات تارىخى»، يەھيا ئىبنى مەئىن بەغدادىنىڭ «تارىخ» كىتابى، ھەدىسشۇناس ئەجەلىنىڭ، ھەدىسشۇناس ئوسمان ئىبنى مۇھەممەدنىڭ، ئىبنى ئەبۇ خەيسەمەنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابلىرىنى مىسال قىلىپ تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. مۇھەددىس ئىبنى ئەساكىرنىڭ «دەمەشقنىڭ چوڭ تارىخى» ناملىق كىتابى، ئەبۇ نەئىم ئىسپاھانىنىڭ «ئىسپاھان تارىخى»، ھاكىمنىڭ «نىشاپۇر تارىخى»،



www.uyghurkitap.com

ھەدىسشۇناس سەھمىنىڭ «جورجان تارىخى»دىن باشقا «مىسىر تارىخى»، «قەزۋىن تارىخى»، «مەدىنە تارىخى»، «مەرۋە تارىخى» قاتارلىق تارىخلارمۇ مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

ھەدىس راۋىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ھۆرمەتلىك ساھابىلارنىڭ ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ ئىسىملىرى، فامىلىلىرى، لەقەملىرى نەسەبى قەبىلىلىرى، ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئۈستىدە توختىلىش تولىمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئۆلىمالار: ”ھەدىس راۋىلىرى ئۈستىدە يېتەرلىك دەرىجىدە مەلۇماتى بولمىغان ئادەمنىڭ ھەدىس بىلەن شۇغۇللىنىشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ“ دەيدۇ.

ساھابىلەر، تابىئىنلارنىڭ تەرجىمھالى ئۈستىدە «تەبەقات»كىتابلىرى يېزىلغان. بەزى كىتابلاردا ساھابىلارنى بىر تەبىقە ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا تابىئىنلارنى تىزغان. بەزىلىرىدە ساھابىلەرنى تەبىقاتلارغا بۆلۈپ، تابىئىنلارنىمۇ تەبىقاتلارغا بۆلگەن. مۇئەللىپلەرنىڭ بەزىلىرى قىرىق يىلنى بىر قەرنە ھېسابلىغان. بۇ جەھەتتە يېزىلغان ئەسەرلەر خەلىفە ئىبنى خەيياتنىڭ «تەبەقاتلار» كىتابى، مۇھەممەد ئىبنى سەئىدنىڭ «چوڭ تەبەقاتلار» كىتابى، مۇسلىم ئىبنى ھەججاجنىڭ «تەبەقاتلار» كىتابى، ئىبنى ئەسىر جەزەرىنىڭ «أسدالغابة فى معرفة الصحابة»(ئەسەدۇلغابە) كىتابى (بۇ كىتاب چوڭ ئىككى جىلدلىق بولۇپ 3000ساھابە ھەققىدە توختالغان)، يەنە مۇھەددىس ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ «الإصابة فى تمييز الصحابة»(ئىسابە) كىتابى، (بۇ كىتاب 8 جىلدلىق بولۇپ 80 مىڭچە ساھابە تىلغا ئېلىنغان)، ئەبۇ نەئىم ئىسپاھانىنىڭ «معرفة الصحابة» (ساھابىلارنى تونۇش) ناملىق چوڭ كىتابى قاتارلىقلاردۇر. ئەبۇ بەكرى شىرازى، ئەبۇ فەزل ئىبنى تاھىرۇل مەقدەسى، ئەبۇ فەرەج ئىبنى جەۋزى، خەتىب باغدادىلار ئىسىم ـ فامىلە، لەقەب توغرۇلۇق ئالاھىدە ئەسەرلەرنى يازغان. مۇھەددىس ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى «نزهة الألباب فى الألقاب» («لەقەبلەر توغرىسىدا ئەقىللەر سەيلىسى»)ناملىق مۇپەسسەل كىتابنى يازغان. شۇنىڭدەك ساھابىلەر ۋە غەيرىيلەردىن بولغان راۋىلار توغرىسىدا ئابدۇللا ئىبنى ئەھمەد دەمەشقى «ۋەفىيات»ناملىق كىتابنى يازغان. ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەزىز دەمەشقى ئۇنىڭغا تولۇقلىما يازغان. ئەلى ئىبنى مۇفەززەل زەكىيۇددىن (ھىجرىيە 656 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۈچ جىلدلىق «تەكمىلە» كىتابىنى يازغان. ئالىم ساغانى ساھابىلارنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا «دراسة الصحابة» ناملىق كىتابنى يازغان. ھەدىسشۇناس ئالىملار ئومۇمىي ھەدىس راۋىلىرى ئۈستىدە ئەسەر يېزىپلا قالماستىن بەزى ئايرىم ھەدىس كىتابلىرىنىڭ راۋىلىرى ئۈستىدىمۇ ئەسەر يازغان. ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد كالابازى (ھىجرىيە 398 ـ يىلى ۋاپات بولغان). شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئىبنى داۋۇد(ھىجرىيە 925 ـ يىلى ۋاپات بولغان)لار «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ راۋىلىرى ئۈستىدە ئەسەرلەرنى يازغان. ئەھمەد ئىبنى ئەلى (ھىجرىيە 428 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىسپاھانىلار «سەھىھۇلمۇسلىم»نىڭ راۋىلىرى ئۈستىدە ئەسەر يازغان. مۇھەممەد ئىبنى تاھىرۇل مەقدەسى «سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «سەھىھۇلمۇسلىم»نىڭ راۋىلىرى ھەققىدە ئەسەر يازغان. ئەبۇ ئەلى غەسسان «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»راۋىلىرى ئۈستىدە مەخسۇس كىتاب يازغان. ئالىم جالالىددىن سۇيۇتى «مۇۋەتتا»نىڭ راۋىلىرى توغرىسىدا ئەسەر يازغان. ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا»سى ئىمام شافىئىنىڭ «مۇسنەد»ى، ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد»ى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ «مۇسنەد»ى توغرىسىدا مەخسۇس ئەسەر يازغان. ئەھمەد ئىبنى ئەھمەد كۇردى (ھىجرىيە 763 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «سۈنەن نەسەئى»، «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»، «سۈنەن تىرمىزى»، «سۈنەن ئىبنى ماجە»نىڭ راۋىلىرى توغرىسىدا مەخسۇس ئەسەر يازغان. ئابدۇغېنى مەقدەسى(ھىجرىيە 600 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، «سىھاھسىتتە» راۋىلىرى توغرىسىدا «الكمال فى معرفة الرجال»(ئەلكامال) ناملىق كىتابنى يازغان.

(داۋامى بار)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، شۈكۈر- قانائەت ۋە تىرىشچانلىق

ئابدۇرەھمان ئىسمائىل

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

**كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.**

—— سۈرە«تەلاق»(65 - سۈرە)، 3 - ئايەت

**مۆمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن(يەنى مۆمىنلەر ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن).**

—— سۈرە«تەۋبە»(9 - سۈرە)، 51 - ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتلەردە دېيىلگەن "تەۋەككۇل قىلىش" دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئى ئاللاھ، ھەممە ئىشىمنى ئاسان قىلغىن، دەپ قويۇپلا، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي ئولتۇرساقمۇ ھەممە ئىشلىرىمىز ھەل بولامدۇ؟

"تەۋەككۇل" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى "تايىنىش، تاپشۇرۇش" دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ئىستىلاھىي مەنىسى ھەر قانداق بىر ئەمەل، ھەرىكەت قىلغاندا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن سەۋەب، تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجە - ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش، تىرىشىپ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن ئىشنىڭ نەتىجە - ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىش، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش؛ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن چاغدىكى روھىي ھالەت نورمال بولۇش، ئارتۇقچە زورۇقۇپ كەتمەسلىك دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسان ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى پۈتكۈل كائىناتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى بىردىنبىر قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن قىلچە ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. پەقەت ئاللاھ تائالا خالىغاندىلا ئاندىن تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ توغرىلىق ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر(يەنى ئاللاھ خالىمىغۇچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق).** —— سۈرە«تەكۋىر»(81 - سۈرە)، 29 - ئايەت

شۈكۈر قىلىش، قانائەت قىلىش دېگەنلەرمۇ مەنىۋى جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلمەسلىك، تۇرغۇن ھالەتتىن باش كۆتۈرمەسلىك دېگەنلىك ئەمەس.

"شۈكۈر" سۆزى باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش دېگەن بولىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش دېگەنلىك ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش؛ ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا تولۇق بويسۇنۇش، چەكلىگەنلىرىدىن قەتئىي ساقلىنىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ.

قانائەت قىلىش دېگەن كۆڭلى توق بولۇش، ئاچ كۆز بولماسلىق، ھالال تىرىكچىلىكى بىلەن كۇپايىلىنىش؛ باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىغا ئېچىنى سالماسلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىرىكلەشمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ.

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە شۈكۈر - قانائەت قىلىش دېگەنلىك ھەرگىز تىرىشماي، ھەرىكەت قىلماي بىكار ئولتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس؛ تىرىشىپ سەئىي ھەرىكەت قىلىش دېگەن سۆزمۇ تەۋەككۇل قىلماسلىق، شۈكۈر - قانائەت قىلماسلىق دېگەنلىك ئەمەس.

«ئىبنى كەسىر» دېگەن تەپسىردە «سۈرە

مۇلك»(67 - سۇرە) نىڭ 150 - ئايىتى تەپسىر قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: ”تەۋەككۇل قىلىش بىلەن سەئيى ھەرىكەت قىلىش ھەرگىز بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشمايدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك:' **سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي توغرا تەۋەككۇل قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەتىگەندە ئۇۋۇلىرىدىن ئاچ قورساق چىقىپ كېتىپ، كەچتە پوكانلىرى لىق تولغان ھالەتتە قايتقان قۇشلارغا ئوخشاش مول رىزىق بىلەن قايتۇراتتى**' “.

شۇنداق، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇۋىسىدىن چىقماي ياتسا دانىنى بىر كىم ئەكىرىپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ھەر كۈنى ئەتىگەن ئۇۋۇلىرىدىن قوزغىلىپ، يىراق - يىراقلارغا پەرۋاز قىلىپ بېرىپ، رىزىق - تەمىنات ئىزدىشىدۇ.

بۈگۈنكىدەك ئىقتىسادىي رىقابەت يەر شارىلىشىۋاتقان، پۇرسەت ۋە خىرىس تەڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھالقىلىق بىر ۋەزىيەتتە بىزمۇ ھورۇنلۇق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە بىكىنمىچىلىك ئىدىيىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل دەپلا بەلنى مەھكەم باغلاپ، ئۆيدىن چىقىپ، ھەر خىل زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىش قىلساق، دىنىي بىلىم سەۋىيىمىزنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرسەك، ھەر خىل پايدىلىق ھۈنەر كەسىپ ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانساق، كۆز قورقۇتۇپ ئولتۇرماي مۇۋاپىق تىجارەت تۈرلىرىگە مەبلەغ سالساق، ئاللاھ تائالا بۇ تىرىشچانلىقلىرىمىزغا يارىشا بەرىكەت، رىزىق بېرىدۇ.

**كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.**

—— سۈرە «تەلاق»(65 - سۈرە)، 3 - ئايەت

**ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار.** —— سۈرە«مۇلك»(67 - سۈرە)، 15 - ئايەت

ئىقتىسادىي تەرەققىيات باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەگەر بىز باشقا جايلار، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى ئورناتساق، ھەر خىل ئىقتىسادىي توختام تۈرلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنى ئىلگىرى سۈرسەك ”**زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار**“ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولىمىز.

**كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق.** —— سۈرە«نەبە»(78 - سۈرە)، 11 - ئايەت

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىقمۇ تىرىكچىلىك ئىشلىرىمىزدا ئۇمىدۋارلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە ئىلھام بەرگەن.

ئىنسان —— ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نورمال ھاياتلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ماددىي ئىستېمال بىلەن شۇغۇللىنىش شەرتى بىلەن ياراتقان مەخلۇق. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ياراتقان ھاياتلىق قانۇنىيىتى بىلەن چىقىشالمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى چەتكە قاقمايدۇ، لېكىن ئىقتىساد ۋە پۇل - مالغىلا چوقۇنۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ بىرلىك، بارلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھەممە مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغۇچى، بىردىنبىر چوقۇنۇشقا تېگىشلىك زات ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي ئېتىقادتىن تەۋرىنىپ تۆۋەن يولغا (يەنى چىرىكلىشىش، چۈشكۈنلىشىش يولغا) مېڭىپ قېلىشتىن قەتئىي ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ماددىي بايلىق نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋادارلىق قىلىش ئىشلىرىمىزدا مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى. چۈنكى ئېتىقاد دېگەن ئىنساننىڭ قەلبىدىلا چەكلىنىپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا ئېغىزدىكى قۇرۇق نەزەرىيىدىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئاللاھ بىر، ئاللاھ بارلىق كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى دېگەن مەركىزىي ئېتىقاد ئاساسىدا شۇ ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھەج قىلىش، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارغا پۇل - مال سەرپ قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ 2 - سۈرە«بەقەرە»نىڭ 195 - ئايىتىدە: ”**ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**“ دېگەن تەلىمىگە ئاساسەن، دىلى سۇنۇق مىسكىنلەرگە، ئاجىز - مېيىپلارغا ھەقىقىي ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، جامائەت پاراۋانلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان ئىلىم - مائارىپ ئىشلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل - مال سەرپ قىلىش قاتارلىقلار. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە، ئاللاھ يولىدا

ياخشى يوللارغا يەنى ئۆزۈڭلارغىمۇ پايدىسى بولىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا پۇل ـ مال چىقىم قىلىشتىن بېخىللىق قىلىپ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاكەتكە تاشلىماڭلار دەپ بايان قىلغان. دېمەك، ئېتىقاد يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق ئەمەلىيلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ ۋە ھەقىقىي ئېتىقاد بولىدۇ. ھازىر بىر قىسىم شەھەر، بازارلاردا كۈن ـ كۈنلەپ خۇددى بىلمەي، قىممەتلىك ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقان قىز ـ ئوغۇللىرىمىزغا، ئىدىيىسى مەست ـ گاراڭ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ۋاقتىنىڭ تىزگىنىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇشنى بىلمەي پەرۋاسىز كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان، بىلىم ئىگىلەش ۋە رىقابەت دەيدىغان گەپلەردىن قىلچە خەۋەرسىزدەك يۈرگەن ۋاقىت ئىسراپچىلىرىغا قاراپ كۆڭلۈم تولىمۇ غەش بولىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىدىن مەيۈسلەنگەندەك بولىمەن. بۇنداق لايغەزەللەرگە تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ھەر قانچە كۆپ ماقالە نەسىھەتلەرنى يازساقمۇ بۇنىڭ ئۈنۈمى تازا ياخشى بولماۋاتىدۇ.

شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ، تەشۋىقات ۋە نەسىھەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، جانلىق ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھازىرقى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىمىزدىكى چەكتىن ئاشقان ھەشەمەتچىلىك تۈپەيلىدىن بولۇۋاتقان ماددىي ئىسراپچىلىق، يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك ۋاقىت ئىسراپچىلىقى قاتارلىقلارنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئىجابىي تەرەپكە يېتەكلەپ، ھەممە ئادەمدە تىرىشچانلىق تۇرمۇش قارىشى ۋە ئاڭلىق رىقابەت كۆزقارىشى تۇرغۇزمىغىچە دۆلىتىمىزنىڭ ماددىي تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش قىيىندەك تۇرىدۇ...

بىز بۈگۈنكىدەك دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئىلىم ـ مەرىپەتنى قورال قىلىپ، دادىل ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان رىقابەت دەۋردە تەۋەككۇل قىلىش، شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىپ سۈيىئىستېمال قىلىدىغان بولساق چوڭ خاتالىق سادىر قىلغان بولىمىز، ھەر جەھەتتىن چېكىنىپ كېتىمىز. ھازىر بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى شۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئىدىيە ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىلىم ـ تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان كومپيۇتېرغا ئوخشاش ئېلېكترون ـ ئۇچۇر كەسپىي ساھەسىدىكى زامانىۋى ۋاستىلەر دۇنيا بويىچە ئومۇملىشىپ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. بىز ئاللاھقا يارىغۇدەك ھەقىقىي، لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولىمىز دەيدىكەنمىز، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەي، يىراققا نەزەر تاشلاپ، باشقىلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، بىز نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز، باشقىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزچۇ؟ بىز ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ئوخشاش بەندىلىرى بولغاندىكەن، قانداق قىلساق باشقىلاردىن كېيىن قالماي دۇنيا، ئاخىرەتتە بەختلىك ئورۇنغا ئېرىشەلەيمىز؟ مانا مۇشۇلارنى ئويلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)نىڭ 9 ـ ئايىتىدە:"ئېيتقىنكى، **«بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ»** " دېگەن دەلىل ئارقىلىق بىلىملىك كىشىلەر بىلەن بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ھەرگىز تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، **"پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ""** دېگەن ئايەت ئارقىلىق ساغلام ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ئىنساننىڭ باشقا ئىلغار كىشىلەر بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ(يەنى بىلىملىك كىشىلەر بىلەن بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ)، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ساۋاق ئېلىپ، ئىجابىي يول تۇتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۆتكەن بىر ئەسىردە نۇرغۇن دىنىي ئالىملار، تەتقىقاتچى ۋە كەشپىياتچىلار ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئىسلام دىنى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى ھورۇنلۇق ۋە ئارىسالدى بولۇپ ئولتۇرۇش ئىدىيىسىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئازاد بولۇپ، ئاڭلىق تەۋەككۇل قىلىش روھى بويىچە دادىل ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشنى تەرغىب قىلغان بارلىق تەلىملىرىگە ئەمەل قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. (ئاخىرى 55-بەتتە)



# ئەۋلادلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق تەربىيىلەيلى

ياقۇپ ھەمدۇللا، سادىق ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەخلاق — ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، گەپ سۆزى، ئىدىيىسى، مىجەز - خۇلقى، مۇئامىلە، مۇناسىۋىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپقا سالىدىغان مىزان. ئەخلاق كۈندىلىك تۇرمۇشتا چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئومۇملۇقى، رولى، تەسىرى، تەربىيىسى جەھەتتىن مەنىۋى كۈچلەرنىڭ سەر خىلى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش، خەلقنى ئەخلاق ئارقىلىق تەربىيىلەش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش سىياسىتىدىن ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئادەم ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيىسى قەيەردە ياخشى ئېلىپ بېرىلسا شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاق ساپاسى، تەن ساپاسى ياخشى بولىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق غايە تۇرغۇزۇش، دەۋرگە ماس قەدەمدە قانداق ئىلگىرىلەش، قانداق قىممەت يارىتىش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىلەرنى سۆيۈش، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ. ئەۋلادلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەش ھەر بىر ئاتا - ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى، ئەڭ قاتتىق ۋەزىپىسى. بالىلىرىنى تەربىيىسىز قويغانلار، تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا - ئانىلار گۇناھكار، زىيانكارلاردۇر.

ئىسلام دىنى ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان دىن. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا مۇنداق دېگەن:

**قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەتتۇر.** —سۈرە «ئەنئام» (6 - سۈرە)، 90 - ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**دىن نەسىھەتتىن ئىبارەت**" دەپ پۈتكۈل دىنىنىڭ خۇلاسە يېشىمىنى ئېيتقانىدى. دىن نەسىھەت دېمەكتۇر. يەنى ياخشى ئادەم بولۇشقا دەۋەت، يامان يولدىن يېنىشقا نەسىھەت ئىسلام پەرزلىرىدە ئەمرى مەرۇپ، نەھيى مۇنكەر دەپ بېكىتىلگەن. قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ مۇپەسسەل ھايات ئەندىزىسىنى ياراتقان

ئىلاھىي ۋەز - نەسىھەتتىن ئىبارەت. قۇرئان پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋەز - نەسىھەت قىلىدۇ، ھالاكەتلىك گۇناھى كەبىر، گۇناھى سەغىرلەرنىڭ ھەر قاندىقىنى مەنئى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنىڭ گۇلتاجىسى بولغان ھەدىس شەرىفلىرىدە مۇنداق دۇردانىلەر بار:" **مەن گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم**" ( ئىمام مالىك رىۋايىتى). پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، قۇرئاندىكى گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ۋۇجۇدىدا بارىنى خۇداغا خالىس بېغىشلىغانىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقىي كامالەت نۇرانىسى بىلەن بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە، يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇرغان نۇر ئىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن:

**ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.** ــــ سۈرە «قەلەم» (68 - سۈرە)، 4 - ئايەت

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ:" ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئاننىڭ ئەخلاقى" دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ دىلىنى ئىلاھىي مۆجىزە، ئاللاھنىڭ نۇرى، ھىدايىتى قۇرئان يورۇتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلغان بىلىم قامۇسى، ئەخلاق دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» قولىمىزدا تۇرسا، ئەڭ بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ يېتۈك ئۈلگىسى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى يولىمىزغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتسا، ئاللاھ بۇيرۇسا بىزنىڭ توغرا يولدا تەۋرەنمەي مېڭىپ بۇ دۇنيادا بەختكە، ئۇ دۇنيادا جەننەتكە يېتىشىمىز مۇمكىندۇر.

باللار ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىسى، كۆز قارىسى، نەسەب ئۇرۇقى، مىللەتنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئىگىسى. ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەش بالىنىڭ تەقدىرى، ئائىلىنىڭ تەقدىرى، مىللەتنىڭ تەقدىرى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش. باللار ئاللاھنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ئەڭ چوڭ ئامانىتى. باللارنى ئوبدان تەربىيىلىمىسەك ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار، دۆلەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قالىمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**ھەر قانداق بالا ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇنى ئاتا - ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى ناسارا قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ**" ( ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايىتى). دېمەك، باللارنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ يېتىلىشى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئائىلىدىكى تەربىيىسىگە باغلىق.

ئائىلىدە باللارغا ئەخلاقىي تەربىيىنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى پىكىرلىرىمنى ئاتا - ئانىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنماقچىمەن:

1. ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش تەربىيىسى بېرىش كېرەك. بۇ ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مۇقەددىمىسى ھەم يادروسى. پەيغەمبىرىمىز:" **ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر**" دېگەنىدى. ئىمان مۇسۇلمانلىقنىڭ تۈپ بەلگىسى. شۇ ۋەجىدىن ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيىنىڭ ئۆزىكى، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈش ئۆزىنىڭ بىلىم ماھارىتى، ئەقىل - پاراستى، ئەخلاق پەزىلىتى بىلەن خەلققە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىپ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇپ، قىممەت يارىتىش ئارقىلىق كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈردەك بېسىش لازىم.

**كىمكى مۆمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ (ساۋابى) زايا كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىنى(يەنى نامە-ئەمالىنى) چوقۇم خاتىرىلەپ قويىمىز.**

ــــ سۈرە «ئەنبىيا» (21 - سۈرە)، 94 - ئايەت

ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى ئاللاھ، شان - شەرىپىنى خەلق بېرىدۇ.

2. ئىلىم سۆيۈش تەربىيىسى بېرىش كېرەك. بۇ تەربىيىنىڭ تۈتقۇسى ھەم مۇھىم نۇقتىسى. بىلىم ھەقىقىي بايلىق، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك شاراپەت، ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ - قۇۋۋەت. باللارنىڭ بەخت - سائادىتى بىلىم يولىدىن تېپىلىدۇ. بىلىم باللارنىڭ دىلىنى، يولىنى يورۇتىدىغان نۇر، يولدىن ئازغانلارنىڭ نىجادلىق يۇلتۇزى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت، رەسۇلۇللاھ شاپائەت قىلغاي) :"ئەقىللىق ئوقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر تىلىكىگە يېتەلەيدۇ" دېگەنىدى. ئەخلاق بىلەن بىلىم گۆش بىلەن سۆڭەكتەك ماسلىشىدۇ. ھەم بىلىملىك ھەم ئەخلاقلىق ئادەم ھۆرمەت كەۋسىرىدىن، سائادەت گۈلىستانىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "**ئەخلاق دەرەخ، بىلىم مېۋە، دەرەخ بولمىسا مېۋە بولمايدۇ**" دېگەنىدى. قۇرئان كەرىم بىلىم خەزىنىسى، قۇرئاندا 72



www.uyghurkitap.com

ئايەتتە بىلىم ئۇلۇغلانغان، پەيغەمبىرىمىزگە: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن دېگىن" دەپ ئەمر قىلغان. پەيغەمبىرىمىز: "ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلمىمنى زىيادە قىلمىغان كۈنۈمگە ئاللاھ بەرىكەت بەرمەيدۇ" دېگەن. ئاللاھ تائالا يەنە ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرگە ئىلھام، مەدەت بېرىپ مۇنداق دېگەن:

**ئاللاھ ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ.**

—— سۈرە «بەقەرە» (2 - سۈرە)، 269 - ئايەت

پەيغەمبىرىمىز: "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز" (ماجە رىۋايىتى) دەپ بىزگە مەڭگۈلۈك ۋەزىپىنى مۇقىملىغان. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان بىلىم دۇنياۋى ھەم دىنىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىمىدىن قوراللىنىپ، ھېكمەت نۇرى بىلەن يول تېپىپ ئىلگىرىلىمىسەك رىقابەتتە شاللىنىسەن، كەينىدە قالساڭ چەيلىنىسەن. بىلىمى يوقنىڭ ئىشى يوق، ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق. ئەۋلاد قەلبىگە ئىلىم سۆيۈش، ھارماي ئىزدىنىپ ئۆگىنىش، ئىزچىل تىرىشىپ ئىلگىرىلەش توغرىسىدا ئەستايىدىل، زېرىكمەي تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

3. ئەۋلادلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئېسىل پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئەدەپ - ئەخلاق ئىنساننىڭ بەلگىسى، ئەدەپ - ئەخلاق ئىنساننىڭ گۈزەللىك تاجىسى. ئەدەپ كىچىكلەر ئۈچۈن بەخت - سائادەتكە سەۋەبچىدۇر، ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن مەرتىۋىلىك بولۇشقا سەۋەبچىدۇر (ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى). مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام (ئاللاھ رەھمەت، مەرھەمەت قىلغاي): "ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەتلەر ئىچىدە ئەقىل بىلەن ئەخلاق ئەڭ ياخشى نېمەتتۇر. ئۇ ئىككىسى ياشلارنىڭ گۈزەللىكىدۇر" دېگەنىدى. ياشلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي زىننىتى، روھىي بايلىقى، پەيغەمبىرىمىز: "مال - دۇنيا ھەقىقىي بايلىق ئەمەس، روھىي بايلىق ھەقىقىي بايلىقتۇر" دېگەنىدى.

ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىگە سەل قاراش بالايى ئاپەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار خىزمەت ئالدىراش دەپلا بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە پەرۋا قىلمايدۇ. بەزىلىرى باشقۇرۇشتا بەك قاتمال. تەربىيىسى بەك قوپال. تاماقنى بېرىپ، مەكتەپكە ماڭ دەيدۇ. مەكتەپتىن كەلسىلا، تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە دەپ ھۇجرىسىغا سولايدۇ. بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئارامىغا، دەردى ھالىغا يەتمەيدۇ. بالىسى نېمە ئوقۇۋاتىدۇ، قانداق ئوقۇۋاتىدۇ، نېمىگە ھەۋەس قىلىدۇ. بۇلار بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيە بالىلارنى بىزار قىلىدۇ، شۇڭا بەزىلىرى ئائىلىسىدىن بىزار بولۇپ پاسسىپ تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بەزى ھال كۈنى ياخشى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ياخشى يېگۈزۈش، ياخشى كىيگۈزۈشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ. تۈگىمەس قاتار چايلىرىغا بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالىدۇ. بالىلار نازۇ نېمەتكە ھەمتاۋاق بولغاندىن سىرت ئىچىش، چېكىش، بىھايا چاقچاق، بىشەم ھەرىكەتلەرگىمۇ ھەمشېرىك بولۇپ ئۆگىنىدۇ. بالا كۆرگىنىنى قىلىدۇ، ئاڭلىغىنىنى سۆزلەيدۇ. قۇرامىغا يەتمەيلا پىشىپ يېتىلىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار پۇل تېپىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ. بالىلىرىنى مەكتەپتىن توختىتىپ تىجارەتكە سالىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئىپپىتىنى سېتىپ پۇل تاپسىمۇ كۆرمەس، بىلمەس بولۇۋېلىپ، پۇل سانىسىلا خۇش بولۇپ كېتىدۇ. ئۈرۈمچىگە چىقىپ قايناق بازارلاردا قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ تىجارەت قىلىۋاتقىنىنى، ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، ھەتتا كۈپكۈندۈزدە بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆپ ئۇچرىتىسىز. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولسا سەرگەردان، ئوغرى، ئاقچى، يانچۇقچىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ يەنىلا ئۇيغۇر بالىلار ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. بەزى ئاتا - ئانىلار پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ماسلىشىپ بىر - ئىككى باللىق بولىدۇ، لېكىن بۇ ئاتا - ئانىلار خانزادىلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلارغا پۇلنى ئايىماي خەجلەيدۇ. ئۇلار بولسا تورخانىدىن، دىسكوخانىدىن چىقماي كېچە - كۈندۈز ئوينايدۇ، پۇل تۈگىسە ئەگرى يولغا دەسسەيدۇ. بەزىلىرى يامان ئادەملەرگە سايىدەك ئەگىشىپ، ئاقچى، چېكەرمەنلەردىن بولۇپ قالىدۇ. قىسمەن ياشلار باشقا مىللەتنىڭ، غەرب ئەللىرىنىڭ پەن - مەدەنىيىتى، بىلىم - تېخنىكىسى، ئىگىلىك يارىتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگەنمەي، ئەكسىچە شەھۋانىي قىلىقلىرىنى، تولغىما ئۇسۇل، گىلدىڭ تانسىلىرىنى مودا بىلىپ زور ھەۋەس بىلەن ئۆگىنىۋالىدۇ. قىز - ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئەرلەردەك، بەزىلىرى ئەجنەبىيلەردەك ھەررەڭ - سەررەڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياسىنىپ بېزىنىپ، بىشەملىك بىلەن ھەر خىل ئادەملەرگە ئارىلىشىپ، بىللە ئىچىپ، بىللە چېكىپ، بىللە يېتىپ، غەپلەتكە پېتىپ يۈرىدۇ. ئوغۇل - ئەرلىرىمىز قىزلاردەك ئۇزۇن چاچ قويۇپ، قىزىل ئىشتان، گۈللۈك كۆينەك كىيىپ، لەۋسۇرۇخ، ئەگلىك سۈرۈپ، مەيخانىلاردا كەچلەپ، تانسىخانىدا ئويناپ، ئىشرەتخانىدا تۈنەپ ھارامخورلارغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا غۇۋا چىراغ نۇرىدا ھاراق ئىچىپ تانسا ئويناپ، دورا يەپ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ دىسكو ئوينايدىغانلارنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم ستۇدېنتلار بولۇپ قالدى. تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە ئۇلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"كىمكى بىر مىللەتنى چىن دىلىدىن سۆيسە، قىيامەتتە ئاللاھ ئۇنى ئاشۇ مىللەت سېپىدە تىرىلدۈرىدۇ"(«سەھىھ ھەدىس»تىن). "قايسى بىر خەلقنىڭ ئىچىدە جىنايەت، گۇناھ ئىش قىلغۇچىلاردىن كۆرە گۇناھ قىلمايدىغانلار كۆپ ۋە كۈچلۈك تۇرۇپمۇ ئۇلارنى توسمىسا ئاللاھنىڭ ئاپىتى ھەممىيلەنگە باراۋەر بولىدۇ"(سەھىھ ھەدىستىن) دېگەنىدى. ئاللاھ تائالا:

**ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار!** ـــ (سۈرە «تەھرىم» (66 - سۈرە)، 6 - ئايەت

دەپ بىزنى ئاللىبۇرۇن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئىسلام تارىخىنى ۋاراقلىساق، ئاد، سەمۇد قەۋملىرى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرى گۇناھ - مەئسىيەتتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ھالاكەتلىك تراگېدىيىگە يولۇققان. ئەتىدىكى ھالاكەتنى كۈتۈپ غەپلەتتە ياتماي ئۆزىمىزنى ھەم بالىلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەبى بالىلارنىڭ سۈتتەك ئاق گۈزەل قەلبىگە ئەدەپ - ئەخلاق ئۇرۇقلىرىنى چاچايلى. پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك:"ھېچ قانداق ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىگە ياخشى خۇلق، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقتىن بۈيۈكرەك مىراس قالدۇرالمايدۇ" («سەھىھ ھەدىسلەر»دىن). ئاللاھ مەقبۇل قىلىدىغىنى ياخشى خۇلق، گۈزەل ئەخلاق. پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرىدىغىنى، مەھبۇب بىلىدىغىنى گۈزەل ئەخلاق. شۇڭا پاك ئېتىقاد، چىن ئىخلاس، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئەۋلادلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق تەربىيىلەشكە كۈچ سەرپ قىلايلى.

بالىلىرىمىز پاك ئىمان، ساغلام ئەقىدە، سۇزۇك ئېتىقادلىق مۇسۇلمان بولسۇن. شەرمى ھايالىق، ئىپپەت نومۇسلۇق، ئىپتىخار - غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق بولسۇن. ئاتا - ئانا، خىش - ئەقرىبا، دوست - بۇرادەرلىرىگە ۋاپادار، كۆيۈمچان، سەمىمىي سادىق بولسۇن. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى، ياخشى ئىش قىلىشنى شەرەپ بىلسۇن. ئاجىزلارغا، يېتىم - يېسىرلارغا، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا خەير - ئېھسان قىلىدىغان كۆيۈمچان بولسۇن. ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان قەيسەر، باتۇر بولسۇن. ئادىل، مۇلايىم، ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولسۇن. تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، غەيرەتلىك، چىدامىلىق بولسۇن. سەۋرىلىك، مەرد، سېخى، راستچىل، كەمتەر بولسۇن. ئاتا - ئانىلىرىنى، چوڭلارنى، ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان بولسۇن. باشقىلار بىلەن ئېجىل - ئىناق، چىقىشىپ دوستانە ئۆتىدىغان بولسۇن. ياخشى ئىش، ياخشى كىشىلەردىن، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىدىغان، يامان ئىش، يامان كىشىلەردىن يىرگىنىدىغان بولسۇن. ئۆز مىللىتىنى، مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى سۆيىدىغان، ياخشى ئۆرپ - ئادەت، ياخشى خىسلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسۇن.

شەرق ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نۇرلۇق چولپىنى ئەلىشىر نەۋائى:"بارلىق ئىشتا ئەدەپلىك ۋە ھايالىق بولماق ياخشىدۇر" دېگەنىدەك، بالىلارغا ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت تەربىيىسى بېرىش كېرەك. بالىلارغا سالام بېرىش، سىلىق - سىپايە سۆزلەش، سورۇندا ئولتۇرۇش، مېھمان بولۇش ئەدەپ قائىدىلىرى، ئوزۇقلىنىش، يەپ - ئىچىش ئەدەپلىرى، تازىلىق قىلىش، كىيىم كىيىش، زىننەتلىنىش ئەدەپ - قائىدىلىرى، يېتىپ قوپۇش، ئۇخلاش، دەم ئېلىش ئەدەپ - قائىدىلىرى، يول يۈرۈش، سەپەر قىلىش ئادەتلىرى توغرىسىدا زېرىكمەي ئۆگىتىپ، بۇلارنى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

**ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن(يەنى بەندىلەرنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىدىن) ھېساب ئالغۇچىدۇر.**

ـــ سۈرە «نىسا» (4 - سۈرە)، 66 - ئايەت

بالىلارنىڭ تەكەببۇرلۇق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ھىيلىگەرلىك، يالغانچىلىق، يالغان گۇۋاھ بېرىش، يالغان قەسەم قىلىش، باشقىلارنى كەمسىتىش، قوپاللىق، ئاچچىقى يامان بولۇش، غەيۋەتخورلۇق،

گۇمانخورلۇق، ھورۇنلۇق، چېقىمچىلىق، پىتنىخورلۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك، بوھتانچىلىق، ئىسراپخورلۇق، زىناخورلۇق، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، كەيپ - ساپا قىلىش... دېگەندەك گۇناھ - مەئسىيەت، يامان ئىللەت، ناچار ئادەتلەرنى يوقتۇرۇۋېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك؛ ئۇلارغا يوقىرىقىدەك ئىللەت، گۇناھ - زالالەتتىن يىراق بولۇش توغرىسىدا ئەستايىدىل تەربىيە قىلىش كېرەك. پەيغەمبىرىمىز: "فەھش (بۇزۇق) ئىشلار فەھش سۆزلەر ئىسلامدا يوق ئادەتلەردۇر. مۆمىن كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ياخشى خۇلقلۇق بولىدۇ"(«سەھىھ ھەدىس»دىن) دېگەنىدى. گۇناھ دوزاخنىڭ ئاچقۇچى. گۇناھكارلار بۇ دۇنيادا خەلقنىڭ لەنىتىگە، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

ئەۋلادلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق، يۇقىرى ساپالىق، غايىلىك، ئىرادىلىك، يارامىلىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىق بۇرچىمىز، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:" پەرزەنتىڭلارنى ئىززەتلەش بىلەن بىللە ئەدەپ - ئەخلاقىنىمۇ ياخشىلاڭلار"(«سەھىھ ھەدىس»تىن) دەپ بۇيرۇغان ئىدى. ھەمدە:"كىمدە كىم ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرسە ئۇ ئادەم جەننەتنىڭ تۆرىسىگە بىر ساراي سېلىپ قويۇلىدۇ"(«سەھىھ ھەدىس»تىن) دەپ ئەخلاقى گۈزەللەرنىڭ مۇكاپاتىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇڭا ھەر بىر ئاتا - ئانا ئەۋلادلارنىڭ تەلەپچان ئۇستازلىرى، چېۋەر تەربىيە يېتەكچىلىرى، ھەر بىر سۆز - ھەرىكەتتە نەمۇنە ئۈلگىلىرى، مېھىر - مۇھەببەت، ئىللىقلىق يەتكۈزۈشتە كۆيۈمچان، غەمگۈزارلىرى، سىرداش يېقىن دوستلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قۇلىقىنى مۇلايىم، سىلىق سۆز بىلەن ئېچىپ، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاق ئۇرۇقىنى سېپىپ، ئىمان - ئېتىقادى كۈچلۈك، دىلى يورۇق، چېھرى نۇرلۇق، يولى ئۇچۇق بەختىيار ئەۋلادلاردىن بولۇشىغا ھەقىقىي ياردەم بېرەيلى!

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(بېشى 50 - بەتتە)

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ «‹قۇرئان كەرىم› 29 - ، 30 - پارىلىرىنىڭ تەپسىرى» دېگەن كىتابىدا سۈرە «مۈلك»(67 - سۈرە) 15 - ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەت كىستۈرۈلگان:"ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر توپ بىكار تەلەپ ئولتۇرغان كىشىلەردىن: 'سىلەر نېمە ئادەملەر؟' دەپ سورىۋىدى، 'بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ئولتۇرغۇچىلارمىز' دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا:'سىلەر يۆلىنىۋالغۇچىلار ئىكەنسىلەر. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچى دېگەن ئالدى بىلەن يەرگە ئۇرۇقنى تېرىپ قويۇپ(يەنى سەۋەبنى قىلىپ قويۇپ) ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم' دەيدۇ دېگەن". دېمەك ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنغان.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىمۇ بىر قىسىم ھورۇن مۇتەئەسسىپ كىشىلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمىز دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدۇ. بۇ تۈپتىن خاتا. ئاللاھ تائالا سۈرە«مۈلك»(67 - سۈرە)نىڭ 23 - ئايىتىدە:"(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، 'ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى. سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر' " دەپ بايان قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئەقىل - پاراسەت ۋە بارلىق سەزگۈ ئەزالارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ۋە ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىشلىتىشكە بەرگەنلىكىنى سەممىزگە سالغان. ئىسلام دىنى پۇل - مال تېپىشنى چەتكە قاقمايدۇ، پەقەت پۇل تېپىشتىكى نىيەت - مەقسەتنىڭ توغرا بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنى ئۇلۇغۋار ئېتىقاد— ئاساس، ئىقتىسادىي بايلىق— مۇھىم ۋاستە دېگەن كۆزقاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بارلىق مۇسۇلمانلار ھەر خىل پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرنىڭ لاي - لاتقىلىرىدا تۇنجۇقۇپ قالىدىغان كىشىلەردىن بولماي، ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، ئاللاھ رازى بولىدىغان، كەڭ خەلق ئاممىسىغا پايدىلىق بولغان چوڭ - چوڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ئاڭلىق تەۋەككۇل قىلىش روھى بويىچە دادىل قەدەم تاشلايلى! ئى ئاللاھ، بىز بارلىق ئىشلىرىمىزدا ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز. سەندىنلا ياردەم - مەدەت تىلەيمىز - ئامىن!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسىدىن، جامە خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى).

ئۇيغۇر كىتاب تورىيتى www.uyghurkitap.com

# شەرەپ ـ نومۇسنى بىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى

هاجى ئابدۇۋاهاب

بسم اللّٰه الرحمن الرحيم

(ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەھلى جامائەت!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان، ئەڭ يۇقىرىسى 'ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق' دەپ ئىمان ئېيتىش، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى كىشىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىنى ئېلىۋېتىش. ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسى". بۇ ھەدىس ھايانىڭ ئىماننىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ھايا دېگەن نېمە؟ ھايا مۇسۇلمانلاردىن نېمىنىڭ شەرەپ، نېمىنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشنى، مۇسۇلمانلاردا ھەق ـ ناھەق قارىشىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتۇر. شۇڭا، شەرەپ ـ نومۇسنى بىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ شەرەپ ـ نومۇس قارىشىغا مۇسۇلمانلار چوقۇم چىن دىلىدىن ئەمەل قىلىشى كېرەك، ئۇنداقتا ھازىر جەمئىيىتىمىزدە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان شەرەپ ـ نومۇس قارىشى نېمە؟ مۇسۇلمانلار ئۇنى قانداق تونۇشى كېرەك؟

2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى باش شۇجى خۇ جىنتاۋ "ئىككى يىغىن" ۋاقتىدا سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يوقلىغاندا، سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنى تىكلەش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، بارلىق پۇقرالارنى "ۋەتەننى سۆيۈش شەرەپ، ۋەتەنگە خەۋپ يەتكۈزۈش نومۇس؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شەرەپ، خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىش نومۇس؛ ئىلىمنى قەدىرلەش شەرەپ، نادانلىق نومۇس؛ تىرىشچانلىق شەرەپ، تەييارتاپلىق نومۇس؛ ئىتتىپاقلىشىش ـ ھەمكارلىشىش شەرەپ، باشقىلارغا زىيان سېلىش نومۇس؛ سەمىمىيلىك شەرەپ، ئىنساپسىزلىق نومۇس؛ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش شەرەپ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش نومۇس؛ جاپالىق ئىشلەش شەرەپ، راھەتپەرەسلىك نومۇس" دەپ بىلىشتە چىڭ تۇرۇشقا چاقىردى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدىكى ھەر بىر پۇقرا ئۆگىنىشكە ھەم غايە قىلىشقا تېگىشلىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشى شەكىللەندى. جۇڭگو پۇقراسى بولغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىمۇ ئۆزلىرىدىكى ئېتىقاد تەلەپلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىدىيىسىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك.

شەرەپ ـ نومۇس قارىشى ياخشى ـ يامانلىق، ھەق ـ ناھەق، گۈزەللىك ـ سەتلىك دېگەندەك قىممەت قاراشلىرىنىڭ دەۋرىمىزدىكى گەۋدىلىنىشى بولۇپ، ھەر بىر پۇقرانىڭ ھەرىكەت ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇش ئۆلچىمىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغان "سەككىز شەرەپ،

سەككىز نومۇس» دەۋرىمىزدە بولۇۋاتقان تېگىشلىك ھەق ـ ناھەق قارىشىنى، ياخشى ـ يامانلىقنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ۋە گۈزەللىك ـ سەتلىكنىڭ دائىرىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىيلىق ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ”سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس“نىڭ مەزمۇنىغا قاراپ شەرەپ ـ نومۇسنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەتتە ”سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس“تىن ئىبارەت شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنىڭ مەزمۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ئىدىيىسى ھەم ئۇ تەشەببۇس قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ تامامەن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي گۈزەل ئەخلاقى بولالايدۇ.

1. ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ”ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن“ دېگەن قاراش بىز مۇسۇلمانلارنى ”ۋەتەننى سۆيۈش شەرەپ، ۋەتەنگە خەۋپ يەتكۈزۈش نومۇس“ دەپ بىلىشكە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى؛ پەقەت ۋەتەننىلا سۆيۈپ، دىننى سۆيمەسلىك، ياكى پەقەت دىننىلا سۆيۈپ ۋەتەننى سۆيمەسلىكنىڭ ھەر ئىككىسىلا لاياقەتلىك مۇسۇلماننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈشنى، ئۆزىمىزنى سۆيۈش بىلەن باشقىلارنى سۆيۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسەك ئەخلاق پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىشىمىز، ھەققانىيەتنى قوغداپ رەزىللىككە قارشى تۇرۇشىمىز، ئۆز ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ياخشى ئوبراز يارىتىپ، ئۈلگە ـ نەمۇنە تىكلىشىمىز لازىم. ھەر دائىم ئىسلام ئېتىقادى ۋە مەسئۇلىيەتلىكى، جۇمھۇرىيەتنىڭ خوجايىنلىق روھى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈشتەك شەرەپ تۇيغۇمىزنى، ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى، ئۆزىمىزنى بېغىشلاش ئېڭىنى ئۇرغۇتۇشىمىز لازىم. شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنىڭ نېگىزى ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزمىلىقتۇر . ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىسىدىمۇ مىللىي مەنپەئەت، دۆلەت مەنپەئەتى ھەر ۋاقىت مۇھىم ئورۇندا بولۇپ، شەخسىنىڭ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشى ئىزچىل تەكىتلىنىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش مۇسۇلمان پۇقرالارنىڭ ئەقەللىي مىزانى، ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىمۇ سۆيمىگەن ئادەم مۇقەررەر ھالدا باشقىلارنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ، بۇ بىر نومۇس.

2. ئىسلام دىنىنىڭ ”قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش“، ”ياخشىلىق قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش“، ”مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش“نى تەلەپ قىلىشى مۇسۇلمانلارنى ”خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شەرەپ، خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىش نومۇس“ دەپ بىلىشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا(يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار.**

—— سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت

”قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش“ مۇسۇلمان قوشنىلارنىمۇ، مۇسۇلمان ئەمەس قوشنىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئېتىقادىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئاللاھ تائالا بىزگە تاپشۇرغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغان ”يېقىن قوشنا“ ۋە ”يىراق قوشنا“ جەمئىيەتتىكى بارلىق ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا ”ياخشى مۇئامىلە قىلىش“ ئارقىلىق باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش كېرەك، بولمىسا ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپى ۋە تەلىپىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز، ئۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە نومۇس.

3. ”**ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز**“، ”**ئىلىم ئۆگىنىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر**“ دېگەن ھەدىسلەر بىز مۇسۇلمانلارنى ” ئىلىمنى قەدىرلەش شەرەپ، نادانلىق نومۇس“ دەپ بىلىشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تۇنجى چۈشۈرگەن ئايەت بىز مۇسۇلمانلارغا ئىلىم ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ:

**ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.**

—— سۈرە«ئەلەق»(96 ـ سۈرە)، 4 ـ ،5 ـ ئايەت

ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇشنى

ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىيلىكنى ئۇلۇغلايدىغان دىن بولۇپ، ئېتىقاد بىلەن ئىلىم ـ پەننى تەڭ ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى ئاساسىي دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى پەرز دەپ، ئاساسىي دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى پەرز ئەين، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى پەرز كۇپايە دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. پەن ـ تېخنىكا كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمىگەنلەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيدۇ ـ دە، جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىدۇ.

4. ئىسلام دىنىنىڭ "ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش"ھاياتلىق ئىدىيىسى بىز مۇسۇلمانلارنى "تىرىشچانلىق شەرەپ، تەييارتاپلىق نومۇس" دەپ بىلىشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن.**

— سۈرە «قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 77 ـ ئايەت

ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان "ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش" قارىشى مۇسۇلمانلارنى ئاللاھنىڭ تەلىمگە ئەمەل قىلىشقا، ئاخىرەتكە بولغان ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەپ، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشقا، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قابىلىيەتكە تايىنىپ ئىككى ئالەملىك بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

**ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.**

— سۈرە «مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت

مانا بۇ ئايەت بىزدىن "ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش شەرەپ، باشقىلارغا زىيان ئېلىش نومۇس"دەپ بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**ئى ئىنسانلار سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق.**

— سۈرە «ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 13 ـ ئايەت

ئىنسانلار بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان ئىكەن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتىمىز بولۇشى كېرەك، مەلۇم خۇسۇسىي مەنپەئەت ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن ئاللاھنىڭ تەلىمىنى نەزەرگە ئالمىساق قەتئىي بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ گۈزەل زېمىننى بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى بولغان 56 قېرىنداشقا ئاتا قىلغان، ئەجدادلار مۇشۇ زېمىندا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ھايات كەچۈرگەن، گۈللەپ ياشنىغان ھەمدە ھايات ـ ماماتلىقتا تەقدىرداش، قىيىنچىلىقنى تەڭ تارتىدىغان، قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. تىنچلىقتا بىللە ياشاش، ئىتتىپاقلىشىپ ياردەملىشىش، گۈزەل ئەتىنى ئورتاق يارىتىش تارىخ بىزگە يۈكلىگەن بۇرچ ـ مەسئۇلىيەت بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئىتتىپاقلىق ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى بۇزغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ دۈشمىنى، بۇمۇ بىر نومۇس.

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان **"ئىسلام دىنى ياخشى ئەخلاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ"**، **"ياخشى خۇلق دىنىنىڭ يېرىمى"** دېگەن ھەدىسلەر بىز مۇسۇلمانلارنى "سەمىمىلىك شەرەپ، ئىنساپسىزلىق نومۇس" دەپ بىلىشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ. سەمىمىي، ئىشەنچلىك بولۇش ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر گۈزەل ئەخلاق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ"**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىملىق خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: **"ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ ئەخلاقى يوق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغۇچىنىڭ دىنى يوق"**، يەنى، مۇسۇلمانلارنىڭ جەمئىيەتتە كېلىشىمگە ئەمەل قىلىشى، ئىناۋەتنى قوغدىشى سەمىمىيلىكنىڭ ئىپادىسى ھەم ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى. ئەكسىچە، جەمئىيەتتە

پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، پايدىنى كۆرگەندە ئىنساپسىزلىق قىلىدىغان ئادەملەر ئىجتىمائىي ئەخلاق بىلەن سىغىشالمايدۇ، بۇمۇ بىر نومۇستۇر.

7. ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان "ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش" ئىدىيىسى بىز مۇسۇلمانلارغا "قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش شەرەپ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش نومۇس" دەپ بىلىشنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار (ئاللاھ دوست تۇتقان كىشىلەردۇر)، چۈنكى ئاللاھ تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.**

ـــ سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 76 ـ ئايەت

يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار.**

ـــ سۈرە «نەھل»(16 ـ سۈرە)، 91 ـ ئايەت

ھەر ئادەم جەمئىيەت پۇقراسى بولغانىكەن، شەخس بىلەن شەخس، شەخس بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا بىر خىل كېلىشىم مۇناسىۋىتى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**مۇسۇلمانلار ھەر خىل شەرتلەر ئىچىدە بولىدۇ**" دېگەن. بۇ يەردىكى "شەرت" ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۆلچەملەردۇر. بۇ ھەدىس بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جەمئىيەتتە ھەر تۈرلۈك ئۆلچەم ـ مىزانلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر خىل قائىدە ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىپ ياشىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. شۇڭا، قانۇن ـ نىزامنى كۆزگە ئىلماسلىق، بىر ئىشقا دۇچ كەلسە قېنى قىزىپ قاراملىق قىلىش، ھەتتا ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزۇش نومۇستۇر.

8. ئىسلام دىنىنىڭ "ئىقتىسادچىللىق، تېجەشلىك بولۇش" ئىدىيىسى بىز مۇسۇلمانلارنى "جاپاغا چىداپ ئىشلەش شەرەپ، راھەتپەرەسلىك نومۇس" دەپ بىلىشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.**

ـــ سۈرە «ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**سىلەر (دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەلىڭلار بىلەن ۋارىس بولىدىغان جەننەت ئەنە شۇدۇر.**

ـــ سۈرە «زۇخرۇف»(43 ـ سۈرە)، 72 ـ ئايەت

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان "ياخشى ئەمەل" تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا خىيالپەرەس مۇسۇلمانلارنى ئەمەس، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەردىن بىرىڭلار ئارغامچىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوتۇن تېرىپ يۈدۈپ كېلىپ جان باقسا، مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، بۇ كىشىدىن تىلەپ جان باقىقاندىن ياخشى**" دېگەن. مۇسۇلمانلار شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشى كېرەككى، كىمكى بۇ دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن، ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىمەن دەيدىكەن چوقۇم مېھنەتكە تايىنىشى كېرەك؛ ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ھەرگىز بىكار تەلەپ، ھارامتاماقىقا ئەمەس، ئەمگەكچان، ئىش ـ ئەمەلنى ياخشىلاپ بارالايدىغان، يېڭىلىق يارىتالايدىغان كىشىگە بېرىلىدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئىجتىمائىي ئىقتىساد دولقۇنى ۋە چەت ئەلدىكى مالىمانچىلىقنىڭ زەربىسى ھەم تەسىرى ئاستىدا بىزنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان بىر قىسىم ئەخلاق ئەقىدىلىرىمىزنى تەسىرگە ئۇچرىتىپ، ھەتتا بوشاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقىدا، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدە مۇجمەللىك پەيدا قىلدى، بىر قىسىملار ھەتتا ئىسلام دىنى ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق ئىدىيىسى ۋە ئادىمىيلىكنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىنى بۇرمىلاپ، ھەق ـ ناھەق ئايرىلىشىپ كەتكەن، ياخشىلىق ـ يامانلىقنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ئەھۋالنى پەيدا قىلدى. بۇ قىلمىشلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقاد تەلىپىگە ئېغىر خىلاپ بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىسلام ئېتىقادىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئاساسىدا بايرىقىمىز روشەن ھالدا توغرا قىممەت قارىشى تىكلىشىمىز، نېمىدە چىڭ تۇرۇش، نېمىگە قارشى تۇرۇش، نېمىنى تەشەببۇس قىلىش، نېمىنى چەكلەش مەسىلىسىدە ھەرگىز تېڭىرقاپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى كېرەك بولغان "شەرەپ-نومۇس قارىشى"دا دۆلەتنىڭ شان-شەرىپىگە، خەلق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىمۇ، شەخسنىڭ تەربىيىلىنىشىگە، ئەخلاق ساپاسىغا ئالاقىدار كونكرېت مەسىلىمۇ بار. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنى بەخش ئەتكەن ئەخلاق ئەقىدىسىگە ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ ھەقلىق يوسۇندا توغرا شەرەپ-نومۇس قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، يېڭى دەۋردىكى پۇقرالارنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە بولۇشى لازىم؛ ۋەتەننى سۆيۈشى، بۇرچىنى ئۇنتۇماسلىقى؛ ئومۇمىيلىققا مۇلازىمەت قىلىپ، شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچەلىشى؛ ئىلىم پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، نادانلىقنى تاشلىشى؛ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشى؛ سەمىمىيلىك بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دۆلەتكە، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشى؛ ۋەدىنى ئالتۇندىنمۇ قىممەت دەپ بىلىپ، سەمىمىيلىكنى ھەممىنىڭ ئاساسى قىلىشى؛ ئۆزى نەمۇنە بولۇپ قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى؛ تېجەشلىكنى ئەلا بىلىپ، ئېتىقادىنى گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم.

ھايا ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى مۇھىم مىزان، شۇنداقلا بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھىغا بىرلەشتۈرۈپ شەرەپ-نومۇس قارىشىنى ئۆگىنىشىمىز بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيىسىگە بولغان چۈشەنچە ۋە ئەمەلىيىتىمىزنى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى بېغىشلاش ئىرادىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، بىزنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش، ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىش، سەمىمىي-ساداقەتلىك بولۇش، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا تېخىمۇ مەزمۇت مېڭىشقا ئۈندەيدۇ.

شەرەپ-نومۇسنى بىلمىگەنلەرنىڭ ئېتىقادىنى مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەر بىر دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى (تەلپى) بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى (تەلپى) ھايا" دېگەن. بىز ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئەخلاق ئىدىيىسى بىلەن نۆۋەتتە جەمئىيەتتە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان شەرەپ-نومۇس قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلىق ئەخلاقىنى تىكلەپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق نەمۇنىسى بولۇشقا تىرىشىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلىق ھەسسىمىزنى قوشايلى.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز: سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋەزىرى فۇئات ئابدۇسالام ئەلفارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو ئۆمەك باشلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈسۈپ ماجىن ئۆمەك مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بارات رەجەپ، ھەج ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇرھانىدىن چاڭ چىڭلياڭ ئۆمەك ئەزاسى بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2006-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ3-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستاندا خىزمەت زىيارىتىدە بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن 2007-يىللىق(ھىجرىيە1427-يىل) ھەج ئىشلىرى توغرىسىدا خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. دۆلىتىمىزنىڭ جىددە مۇبارەك شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ناسىر چاڭيى ئايروپىلان ئىستانسىسىغا چىقىپ ئۆمەك ئەزالىرىنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۆمەك ئەزالىرى ھەج ۋازارىتىنىڭ نائىب ئەمەلدارلىرى ھاتىم ھەسەن قازى ۋە ئەيسا بىن مۇھەممەد رەۋاس، مەككە مۇكەررەمە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك ئورگىنىنىڭ رەئىسى ئەلى ياسىن، ئاپتوموبىل خىزمەت ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىمىي رەئىسى مۇھەممەد زەكەرىيا، مەدىنە ھەج يېتەكچىلىك ئورگىنىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى مەسلۇخ قاتارلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە بىردەك تونۇشقا كەلدى. (ب)

# ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاك ۋە تەقۋادار بولۇشقا چاقىرىدۇ

ئابدۇخالىق ئوسمان ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم
**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئەھلى جامائەت!

ئىنسانلار كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇناسىۋەت جەريانىدا ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەت بىلەن سۈپەتلىنىشكە بەك دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئىنساننىڭ قىممىتى ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى قەدىرلەش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ھەقىقىي ئىسلام ئەھلىگە خاس مۆمىن مۇسۇلمان بولۇشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بولغان بەش پەرزنى تەلەپكە لايىق ئورۇنلىغاندىن كېيىن ياخشى ئەخلاقلىق، پاك، دىيانەتلىك، تەقۋادار بولۇشتۇر. چۈنكى ياخشى ئەخلاق، تەقۋادارلىق، مېھرىبانلىق، راستچىللىق ئادەمنى ئەسلى خىسلىتىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ھەم ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئۆزئارا دوستلۇقنى مۇستەھكەملەيدىغان مۇھىم بىر ۋاستە بولۇپ، بۇ پەزىلەتنى يوقاتقان كىشى ئۆزىمۇ بىلىپ-بىلمەي بەتخۇيلىشىپ، ئاللاھ تائالادىن ۋە ئىنسانلاردىن بارا-بارا يىراقلىشىپ، ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقان، بالا-چاقا، قوۋم-قېرىنداشلىرى بىلەنمۇ ياتلىشىپ كېتىدۇ.

مۇلايىملىق ۋە تەقۋادارلىقتىن مەھرۇم بولغان كىشىنىڭ ئىنسانىيلىق سۈپىتىمۇ خۇنۇكلىشىپ، ياۋايى، قوپال، ئوسال، غەلىتە مىجەز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىدۇ-دە، ئۇ كىشى بۇنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۇلايىملىقتىن ئايرىلغان (مەھرۇم قالغان) كىشى پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ" (مۇسلىم رىۋايىتى)**

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن دىنىي جەھەتتە تەقۋادار بولۇشنى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇناسىۋەت جەريانىدا ئۆزئارا مۇلايىم، كۆيۈمچان، راستچىل بولۇشنى، بىر-بىرىگە قېرىنداشلارچە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشنى، ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنداقتا تەقۋادارلىق دېگەن نېمە؟

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

**بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر، ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل**

قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى(پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

—سۈرە«بەقەرە» (2 - سۈرە)، 2—5 - ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

**ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ.**

—سۈرە«ئەئراف»(7 - سۈرە)، 128 - ئايەت

ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ئايەتلىرىدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، تەقۋادارلار دېگەن ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قەبرە ئازابىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، قىيامەت دەپ دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈگەنچە كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، قىيامەت كۈنى يەر يۈزىدىكى ۋە ئاسمانلاردىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆلۈپ تۈگەپ، جانلىقلارنىڭ قايتا تىرىلىپ مەھشەرگاھ مەيدانىغا يىغىلىپ، ئاللاھ قازى بولۇپ سوئال - سوراق قىلىنىدىغانلىقىغا، ئاندىن ياخشى ئەمەل قىلغانلار جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، يامان ئەمەل قىلغانلار دوزاخ بىلەن جازالىنىدىغانلىقىغا، ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان چوڭ - كىچىك بارلىق مەخپىي ئىشلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرى بولغان بەش پەرزنى تولۇق ئادا قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى ئۆز ۋاقتىدا كامىل ئادا قىلىدىغان، ئاللاھ ياندۇرغان بارلىق يامان ئىشلاردىن قاچىدىغان ۋە ئۇنى قىلمايدىغان، ئاللاھ بەرگەن مال - مۈلۈكلەرنى يامان يولغا سەرپ قىلماي، ئاللاھ رازى بولىدىغان ياخشى يولغا، ئىنسانلارغا پايدا - مەنپەئەتى يېتىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ئاللاھ بەندىلەر ئىچىدىن تاللاپ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، قۇرئان ئاتلىق بارلىق كىتابلار خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق ياخشى ئىشلار ئەنە شۇ تەقۋادارلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

تەقۋادارلىققا قانداق يەتكىلى بولىدۇ؟!

جاۋاب شۇكى: ئىنساننىڭ قەلب قاتلىمىدا بىر پىنھان كۈچ بار بولۇپ ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مىكروسكوپ ئارقىلىق كۆزەتكىلى ھەتتا ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيە ۋاستىسى بىلەنمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر خىل مەنىۋى كۈچ بولۇپ، ئىنسان ئۆز كۆڭلىدە ئۇ كۈچنىڭ خۇددى ھەممىنى بىلىدىغاندەك ئۇنى دائىم چوڭ ئىشقا باشلاۋاتقانلىقىنى، خۇددى ماگنىتلىق يىڭنە(كومپاس)گە ئوخشاش ئۇنى ھەر دائىم ياخشى تەرەپكە تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ كۈچ سىر ئاچىدۇ، يولغا باشلايدۇ، بۇيرۇيدۇ، توسىدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، قىزىقتۇرىدۇ، باشقۇرىدۇ، ئىجرا قىلدۇرىدۇ، ئەخلاقشۇناسلار ئۇنى " ۋىجدان" دەپ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇنى "قەلب" دەپ ئاتىدى. ئىمان بولسا ئاشۇ قەلبنىڭ پېئىلى بولۇپ ئۇ ئىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىرلەشتۈرىدىغان، ئىنچىكىلەيدىغان كۈچتۇر.

ئۇ ئىنساننى زۇلۇمنى قىلىشقا، گۇناھتىن ساقلىنىشقا ۋە قول يىغىشقا ئۈندەيدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا بويسۇنسا خۇشاللىق، مەنۇنلۇق، بويسۇنمىسا دەرد - ئەلەم ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇ دىل ياكى قەلب ئەخلاقنىڭ تۇۋرۇكى ۋە ئاساسى يۆلەنچۈكى، ئۇ ياخشى ئەخلاققا قىزىقتۇرىدۇ. يامان ئەخلاقتىن تارتىدۇ. ئۇ ئەخلاقنى نازارەت قىلىدىغان قاراۋۇلدۇر.

ئىمان شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. شەخسىيەتچىلىك خاھىشى ياكى لەززەتنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى بولسا قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك تەبىئەت، ئىنسان بۇ تەبىئەتكە بويسۇنۇپ كېتىشتىن ساقلىنالمايدۇ. لېكىن ئىمان كۈچى شەخسىيەتچىلىك تەبىئىتىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنى يول قويۇش ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىش تەبىئىتىگە ئۆزگەرتىدۇ. مۆمىننى ئەرزىمەس مال - مۈلۈكتىن رىشتە ئۈزدۈرۈپ يۈكسەك غايىگە باغلاشتۇرىدۇ. ئىمان دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە ئېزىقتۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىگىسىگە كۈچ ئاتا قىلىدىغان مىسلىسىز گۆھەر. مۆمىن دۇنياغا ئىگە بولىدۇ، دۇنيا مۆمىنگە ئىگە بولالمايدۇ. دۇنيا مۆمىننىڭ قولىنى تولدۇرالايدۇ، قەلبىنى تولدۇرالمايدۇ. سەۋەبى مۆمىن دۇنيادا ئۆتكەن ھاياتىنى بىر كۆچمەن ۋاقىتلىق قونالغۇ سەپەر ئۈستى دەپ ھېسابلايدۇ. دۇنيادا بۇ روھ

بىلەن ياشايدىغان ئادەم مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلارغا ئىگە بولۇش قايغۇسىدىن يىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ پۈتى دۇنيادا مېڭىۋاتقان بولسىمۇ قەلبى روھى دۇنيا بىلەن ئۈزۈشۈپ كېتىدۇ.

مۆمىن ئاللاھنىڭ يولىدا ئەتىگەنلەپ ۋە كەچلەپ مېڭىشنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ياشايدىغان ئادەم. لېكىن بۇنىڭ مەنىسى مۆمىن ھاياتتا تىرىكچىلىك قىلماي ئولتۇرۇشى، ئۆزىگە ھاياتنىڭ ياخشى ئېسىل نېمەتلىرىنى ھارام قىلىشى ياكى بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، مۆمىن دۇنيانى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئاخىرەتكە دەسمايە توپلاشقا، دۇنيانى غايىسى ئەمەس، قورالى قىلىشقا، شەخسىيەتچىل، ئابرۇيپەرەس، مۇتەكەببۇر بولماستىن بۇ دۇنيادا ئىجتىھات بىلەن مېھنەت قىلىپ دۇنيانى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەل ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر(ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى ئىجتىھات قىلىسەن(يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن).**

—— سۈرە«ئىنشىقاق»(84 - سۈرە)، 6 - ئايەت

بۇ ئايەتتىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسان قىسقىغىنا ئۆمرى ئىچىدە دۇنيا تىرىكچىلىكىنى بىر قولدا، ئاخىرەت ئىشىنى بىر قولدا تۇتۇپ ئىجتىھات قىلىپ تىرىشىپ مېھنەت سىڭدۈرسە، ئۇ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى ئەلۋەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كۆرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ئىنسان ساپ قەلب، خالىس ئېتىقاد ۋە ئەمەل ئىجتىھات ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ھەقىقىي تەقۋادارلىققا يېتەلەيدۇ.

تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە(يەنى پۇل-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار(يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 177 - ئايەت

بۇ ئايەتتىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، بەش پەرز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىدۇر، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. ئىسلام دىنىنى بەش پەرزدىن ئىبارەت بەش تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، لېكىن بەش پەرزنىلا ئادا قىلىپ، باشقا جەھەتلەر بىلەن كارى بولمايدىغان كىشىلەر ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەم گوياكى بوران - يامغۇر ۋە قىزىق ئاپتاپقا دالىدا بولالمايدىغان، ئۈستى ۋە تاملىرى يوق، بەش تال تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ دىني مەجبۇرىيىتىدىكى بەش ئەمەل بىلەنلا بولۇپ، قوۋم - قېرىنداش، ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىمەيدىغان ئادەمنى بەش پەرزنى تولۇق ئادا قىلىپ تەقۋالىق دەرىجىسىگە يەتتى دېگىلى بولمايدۇ. پاك - دىيانەتلىك ۋە تەقۋادار بولمەن دېگەن كىشى دىني ئېتىقادنىڭ بەش تۈۋرۈكى ئارىسىدىكى تاملارنى ئېگىزلىتىپ، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلغاندىلا ھەقىقىي تەقۋادارلىققا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە بەش پەرز بىلەن ئىماننىڭ ئالتە مەزمۇنى (يەنى خىش - ئەقرىبالار، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش قاتارلىقلار) ئوخشاش تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقاد، دىني ئەمەل، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت قاتارلىق ئۈچ جەھەتنى تەڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئايرىپ قويماي ئوخشاش ئادا قىلغاندىلا شۇنداق كىشى ئىخلاسمەن ۋە تەقۋادار بولالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا پاك -

دىيانەتلىك، تەقۋادار مۇسۇلمان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ بەش پەرزىنى ئادا قىلىش بىلەن بىللە، ياشانغانلارنى ھۆرمەت قىلىشى، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈشى، رەھىمدىل بولۇشى، باشقىلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشى، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىشى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇشى، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشى، ھەر قانداق ئىشتا ئادىل بولۇپ ھەققانىيەتنى ياقلىشى، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشى، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىشى، باشقىلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ھەمكارلىشىشقا ماھىر بولۇشى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ بىدئەت ئىشلارغا قارشى تۇرۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەقىقىي تەقۋادارلىققا يېتەلەيدۇ ۋە ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن يول بويىچە ئىش قىلىپ بارىدىغانلا بولساق، بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بەختكە ئېرىشىدىغان پاك، تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ چىقالايمىز. ئاللاھ تائالا بارلىق كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئەۋزەل بولۇشى ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى، تەقۋادار كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئالدىدا باشقىلار ئېرىشەلمەيدىغان شەپقەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تىلغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنى پاك - تەقۋادار بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بىز بەندىلەرگە قىلغان رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى، دوزاخ ئازابىدىن ساقلاشنى، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇپ جەننەتكە كىرىشىنى، ئاللاھنىڭ شۇ كىشىنى دوست تۇتۇپ ھەر بىر ئىشلاردا ئاسانلىقنى بېرىپ ياردەم قىلىشىنى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغان ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا پاك، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ھەم شۇ كىشىنى دوست تۇتۇپ ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتكۈزىدۇ. دېمەك، بارلىق ياخشىلىق، بەخت - سائادەت ۋە نىجاتلىق تەقۋادارلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

**تەقۋادارلار ھەقىقەتەن (ئاخىرەتتە ياپيېشىل) باغ - بوستانلاردىن(سۇ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. (ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان - ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ. ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ.**

—— سۈرە«ھىجر»(15 - سۈرە)، 45——48 - ئايەت

**ئۇ دائىمىي تۇرالغۇ بولغان، مەرھەمەتلىك ئاللاھ بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان، ئۇلار كۆرمەي تۇرۇپ(ئىشەنگەن) جەننەتلەردۇر، ئاللاھنىڭ (جەننەت بىلەن قىلغان)ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ. پەقەت(پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) سالامىنىلا ئاڭلايدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن - ئاخشامدا(كۆڭلى تارتقان يېمەك - ئىچمەكلەردىن) رىزىقىغا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ.**

—— سۈرە«مەريەم»(19 - سۈرە)، 61——63 - ئايەتلەر

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن پاك - دىيانەتلىك، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ يۈكسەك خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇدانىڭ رەھمىتىگە، بەخت - سائادەتكە پەقەتلا تەقۋادارلىق بىلەن يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

شۇڭا، ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى ۋە مەرھەمىتىنىڭ بېشارىتى بويىچە پانىي دۇنيادىكى ئازغىنا ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش جەريانىدا پاك - دىيانەتلىك ۋە تەقۋادار بولساق يۇقىرىقىدەك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ يېتىشىمىز كېرەك. پەرۋەردىگارىمىز! ھەممىمىزنى پاك، تەقۋادار بولۇشقا مۇيەسسەر قىلغىن، بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن، گۇناھ - مەئسىيەتلىرىمىزنى كەچۈرگىن - ئامىن!

(ئاپتور: توقسۇ ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# بىر قانچە قانۇن ماددىسى بىلەن
# قۇرئان كەرىمدىكى بايانلار ھەققىدە سېلىشتۇرما

يالقۇن كېرىم

بسم الله الرحمن الرحيم

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش قەدىمىگە ماس ھالدا خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە ماددىي جەھەتتىكى كاپالىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللىي سىياستى ۋە دىنىي سىياستى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەن - تېخنىكىغا يۈزلەنگەن، دۇنيا ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ قەدەممۇقەدەم ئالغا سىلجىۋاتقان مۇشۇنداق بىر يېڭى تارىخىي دەۋردە خەلقنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان، دۆلىتىمىز قانۇنلىرىدىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن، قۇرئان كەرىمدىمۇ قەيت قىلىنغان ھەق - تەلەپ قانۇنى مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەھلىل ئېلىپ بېرىشنى لازىم تاپتىم.

**1. نىكاھ-ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە**

1) نىكاھ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىر مىللەت ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان نىكاھ قانۇنىنىڭ 7 - ماددا 1 - تارمىقىدا ئېنىق قىلىپ:"بىۋاستە قانداش تۇغقانلار ۋە ئۈچ ئەۋلاد دائىرىسىدىكى شىرەم قانداش تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى مۇنداق:

سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيناناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلەردە تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى( بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى.

——سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 23 - ئايەت

2) «يېڭى نىكاھ قانۇنى»نىڭ 7 - ماددا 1 - تارمىقى ھەققىدىكى ئىزاھاتىدا:"بىۋاستە قانداش تۇغقانلار ئارىسىدا، يەنى ئاتا - ئانا، ئوغۇل - قىز ئارىسىدا، ئاتا تەرەپ بوۋا - موما، ئانا تەرەپ بوۋا - مومىلار بىلەن ئوغۇل قىز نەۋرىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى شىرەم قانداش تۇغقانلار ئارىسىدا، يەنى بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار( ئاتا بىر ئانا باشقا، ئانا بىر ئاتا باشقا ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئارىسىدا، ئاتا تەرەپ بوۋا - مومىسى بىر بولغان شىرەم بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ياكى بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ئارىسىدا، ئانا جەمەت بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار،

ئەجدادى بىر بولمىغان تاغا، هامما، يېزنە ۋە ئانا جەمەت بىر نەۋرىلەر بىلەن جىيەن قىز، جىيەن ئوغۇللار ئارىسىدا ئۆزئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بىۋاسىتە قانداش تۇغقانلار ۋە ئۈچ ئەۋلاد دائىرىسىدىكى شەرىم قانداش تۇغقانلار ئۆزئارا نىكاھلانغاندا، روشەن هالدا مىللەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى، شۇنىڭدەك، پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان يېڭى ئەسىردە پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقتەك ناچار ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ياش دوكتور ئەسئەت سۇلايمان «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە توتېم نىكاھلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''توتېم نىكاھلىرى دەل ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ سىرتتىن نىكاھلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئوخشاش بىر توتېمغا چوقۇنىدىغان كىشىلەرنىڭ هەممىسى ئۆزئارا قېرىنداشلىق ياكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە دەپ قارالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى نىكاھلىنىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ. شۇڭا توتېم نىكاھى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈشىدە مۇهىم رول ئوينىغان''. دېمەك، ئەسئەت سۇلايماننىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىپتىدائىي ئاڭ فورماتسىيىسىدە ياشاۋاتقان ئەجدادلىرىمىزدا بۇندىن 200 - 250 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى توتېم ئېتىقادىدا توتېم نىكاھلىرىنىڭ مۇهىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى، توتېم نىكاھلىرىدا بولسا يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى قاتتىق چەكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

هالبۇكى، هازىرقى زامان كىشىلىرىمىزدىن بەزىلەرنىڭ ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاپ كېيىنكىلەرنى ئويلىماسلىقى، نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئاڭ ۋە ئېتىقادتا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزغىمۇ يېتەلمەسلىكى، نىكاھلىنىش هەققىدىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز چوقۇنغان توتېم ئېتىقادىدىمۇ قاتتىق چەكلەنگەن، قۇرئان كەرىمدىمۇ مەنئى قىلىنغان، دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىدىمۇ مەنئى قىلىنغان يۇقىرىقى شەرتلەرگە پەرۋا قىلماي، ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈۋاتقانلىقى، جۈملىدىن بىر قىسىم چەت يېزا - قىشلاقلاردا ئايرىم مۇللىلىرىمىزنىڭ نىكاهلانغۇچىلارنىڭ بىر نەۋرە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا نىكاھ ئوقۇپ قويۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

3) دۆلىتىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 21 - ماددىسىدا: ''ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار، پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتى بار. پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق ياكى تۇرمۇشى قىيىن بولغان ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىدىن قاراش هەققى تەلەپ قىلىشقا هوقۇقلۇق''، دەپ بەلگىلەنگەن. قۇرئان كەرىم بايانلىرىغا قاراپ باقايلى:

**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇهوي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا هۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېهرىبانلىقتىن ناهايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن.**

— سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 - سۈرە)، 23—24 - ئايەتلەر

**بىز ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر.** — سۈرە«ئەھقاف»(46 - سۈرە)، 15 - ئايەت

**پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار(يەنى ئاتا-ئاناڭلارنى قاقشاتقۇچى بولمىساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ.**

—سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 - سۈرە)، 25 - ئايەت

دېمەك، مەيلى دۆلىتىمىز قانۇنلىرىدا بولسۇن، مەيلى دىنىي ئەھكاملاردا بولسۇن ياكى مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزدە بولسۇن ئاتا - ئانىنىڭ هالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش، پەرزەنتلىك مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىش پەرزەنتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى هېسابلىنىدۇ.

4) «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 2 - ماددىسىدا: "ئاياللار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلە تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئاياللارنى كەمسىتىش، خارلاش، ناكار قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)نىڭ 34 - ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

**ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر( ئاللاھ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانىنى جازالايدۇ).**

بۇ سۈرىنىڭ 128 - ئايىتىدە بولسا مۇنداق دېيىلگەن: **ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (ئاللاھ سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.**

قىسقىسى، دۆلىتىمىز قانۇنلىرىدا بولسۇن ياكى قۇرئان كەرىمدە بولسۇن ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىك، خارلىماسلىق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئاياللارنى خارلاش ۋە كەمسىتىش خاھىشلىرى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزدىكى نادانلىق ھەم بىلىمسىزلىكتىن بولۇپ، بۇنىڭغا دۆلىتىمىز قانۇنىمۇ، قۇرئان كەرىممۇ يول قويمايدۇ. چۈنكى ئاياللار بىر تەرەپتىن بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئۇلۇغ ئانا سۈپىتىدە تەرىپلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن جان كۆيەر پەرزەنتلىرىمىزنى بېقىپ تەربىيىلەۋاتقان قەدىناس ھەمرايىمىزدۇر.

5) نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن پەرزەنتلەرنى بېقىپ تەربىيىلەش مەسىلىسى ھەققىدە دۆلىتىمىز«نىكاھ قانۇنى»نىڭ 36 - ماددىسىدا:" ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاتا - ئانىنىڭ ئاجرىشىشى بىلەن يوقالمايدۇ. ئاجراشقاندىن كېيىن بالىنى مەيلى ئاتىسى ياكى ئانىسى بىۋاستە باقسۇن، ئۇ يەنىلا شۇ ئاتا - ئانىنىڭ بالىسى. ئاجراشقاندىن كېيىنمۇ ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئاجراشقاندىن كېيىن ئەمچەكتىكى بالىنى بېقىشتا ئېمىتىۋاتقان ئانىنىڭ بېقىشى پرىنسىپ قىلىنىدۇ. ئەمچەكتىن ئايرىغان بالىنى بېقىش مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش كۆرۈلۈپ ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى بالىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (باللىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ئېمىتىش ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى(يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن.**

——سۈرە«تەلاق»(65 - سۈرە)، 6 - ئايەت

«نىكاھ قانۇنى»نىڭ 37 - ماددىسىدا: "ئاجراشقاندىن كېيىن بىر تەرەپ بېقىۋاتقان بالىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش خىراجىتى ۋە تەربىيە خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى يەنە بىر تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەتنىڭ مىقدارىنى ۋە تۆلەش مۇددىتىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىدۇ، كېلىشەلمىسە خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

**باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن(يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن).**

——سۈرە«تەلاق»(65 - سۈرە)، 7 - ئايەت

«نىكاھ قانۇنى»نىڭ 42 - ماددىسىدا:"ئەر - خوتۇن ئاجراشقاندا بىر تەرەپ تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالسا، يەنە بىر تەرەپ تۇرالغۇسى قاتارلىق شەخسىي مال - مۈلكىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىشى كېرەك. كونكرېت چارىسىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىدۇ. كېلىشەلمىسە خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار. ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار(يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار).**

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

—— سۈرە«تەلاق»(65 - سۈرە)، 6 - ئايەت

قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇلارغا مۇۋاپىق تۇرالغۇ ھەل قىلىپ بېرىش، ئەرلەردىكى ئىنساپ ۋە دىيانەت بولۇپ، ئىنسانپەرۋەر ئەرلەرنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىدۇر.

2. مىراس ھەققىدە

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋارىسلىق قانۇنى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ۋارىسلىق قانۇنى دېيىلىدۇ)نىڭ 11 - ماددىسىدا:"مىراسقا تۆۋەندىكى رەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىنىدۇ: بىرىنچى رەتتىكىلەر: ئەر ياكى خوتۇن، ئوغۇل - قىز، ئاتا - ئانا؛ ئىككىنچى رەتتىكىلەر: ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، بوۋا - مومىلار دەپ بەلگىلەنگەن.

**ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق، ئۇلار ئاتا- ئانىلار ۋە يېقىنلاردۇر.**

—— سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 33 - ئايەت

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئومۇمىي قائىدە» دېيىلىدۇ)نىڭ 76 - ماددىسىدا: "پۇقرالار مال - مۈلۈككە قانۇن بويىچە مىراسخور بولۇشقا ھوقۇقلۇق" دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئەگەر سىلەردىن بىرىيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە خىش-ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 180 - ئايەت

«ۋارىسلىق قانۇنى»نىڭ 9 - ماددىسىدا: "ۋارىسلىق ھوقۇقىدا ئەر- ئاياللار باراۋەر" دەپ بەلگىلەنگەن. «نىكاھ قانۇنى»نىڭ 24 - ماددىسىدا: "ئەر - خوتۇننىڭ مىراسقا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بار"دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە*) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ(يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم(ئاللاھنىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ.**

—— سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 7 - ئايەت

«ۋارىسلىق قانۇنى»نىڭ 30 - ماددىسىدا: "مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشتا مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ قانۇن بويىچە تۆلەشكە تېگىشلىك بېجى ۋە قەرز تۆلىنىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن.

**(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى) ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك.**

—— سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 12 - ئايەت

مىراس دېلولىرى ھەق - تەلەپ دېلولىرىنى بىجىرىش جەريانىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر تۈرلۈك ماجىرا بولۇپ، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۆلەشكە تېگىشلىك بېجى ۋە باشقىلارغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزى مىراس قالدۇرۇلغان مال - مۈلۈكتىن چىقىرىۋېتىلىپ تەقسىم قىلىنمىغاندا، ناھايىتى ئوڭايلا ھۆكۈم - كېسىملەرنىڭ ئادىل بولماسلىقى ۋە ئىجراسىنىڭ قىيىن بولۇشى ھەتتا ۋارىسلار ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن دەۋا كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مىراس دېلولىرىنى بىجىرىشتە، ئاۋۋال مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك بېجى ۋە قەرزىنى چىقىرىۋېتىش، ئاندىن تەقسىم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

3. ھەقدارلىق- قەرزدارلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە

«ئومۇمىي قائىدە»نىڭ 84 - ماددا 2 - تارمىقىدا: "ھەقدار قەرزدارنىڭ توختامدىكى پۈتۈم بويىچە ياكى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە مەجبۇرىيەتنى ئۆتىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق" دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر قانۇننىڭ 88 - ماددا 2 - تارمىقىدا:"مەجبۇرىيەتنى ئۆتەش ئادا قىلىش مۆھلىتى ئېنىق بولمىغان بولسا، قەرزدار ھەقدار ئالدىدا ھەر قاچان مەجبۇرىيەت ئادا قىلسا بولىدۇ. ھەقدارمۇ قەرزدارنىڭ مەجبۇرىيەت ئادا قىلىشىنى ھەر قاچان تەلەپ قىلسا بولىدۇ، لېكىن قەرزدارنىڭ تەييارلىق كۆرۈشى ئۈچۈن تېگىشلىك ۋاقىت بېرىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش**

*جاھالىيەت دەۋرىدىكى بەزى ئەرەبلەر ئاياللارغا ۋە كىچىك بالىلارغا مىراس بەرمەيتتى. جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بۇ ئادىتى مۇشۇ ئايەت نازىل بولۇش بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**ئىكـــەنلىكىنى بىلســـەڭلار، قىيىنچىلىقتـــا قالغـــان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.**

—— سۈرە «بەقەرە»(2 - سۈرە)، 280 - ئايەت

«ئومۇمىي قائىدە»نىڭ 84 - ماددىسىدا: ”قەرز توختامىدىكى پۈتۈمگە ياكى قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇئەييەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋەتتۇر“ دەپ، 88 - ماددىسىدا:”توختام تۈزۈشكەن تەرەپ توختامدىكى پۈتۈم بويىچە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك“ دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم - زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى (ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازىدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن. (قەرزدار) پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن... قەرز ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 282 - ئايەت


«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى توختام قانۇنى»نىڭ 10 - ماددىسىدا: ”توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختام تۈزۈشتە يازما، ئاغزاكى ۋە باشقا شەكىللەرنى قوللىنىدۇ“ دەپ بەلگىلەنگەن.

«ئومۇمىي قائىدە»نىڭ 89 - ماددا 2 - تارمىقىدا: ” قەرزدار ياكى ئۈچىنچى كىشى مەلۇم مال - مۈلۈكنى گۆرۈ ئورنىدا بەرسە بولىدۇ. قەرزدار قەرز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، ھەقدار قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە گۆرۈ مالنى باھاغا سۇندۇرۇپ ياكى گۆرۈ مالنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەم سۈپىتىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئېلىشقا ھوقۇقلۇق“ دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن(يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقىتتا قايتۇرسۇن).**

—— سۈرە«بەقەرە» (2 - سۈرە)، 282 - ئايەت

ئۇنىڭدىن باشقا «ئومۇمىي قائىدە»نىڭ 14 -



ماددىسىدا:”ھەق - تەلەپ ئىشلىرىدا ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق كىشىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك كىشىلەرنىڭ ۋەسىي(ھىماتچى، قوغدىغۇچى)لىرى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىلىرىدۇر“ دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق(يەنى خۇدبىن، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز(يەنى كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا ياكى(گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن)**

**ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن.** — سۈرە «بەقەر»(2 - سۈرە) 282 - ئايەت

قىسقىسى، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلىرىمىزدە ئىنساپ ۋە دىيانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن قەرز ئالغان پۇلدىن(ئۆزئارا ئىشىنىپ ھۆججەت قىلىشماسلىقتەك يوچۇقتىن پايدىلىنىپ) تېنىۋالىدىغان ئەھۋاللار، قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بار تۇرۇپمۇ قەستەن كەينىگە سۆرەيدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئۆزئارا قەرز مۇئامىلىسى قىلىشقاندا چوقۇم قەرز ھۆججىتى يازدۇرۇۋېلىش، قەرزنى قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئېنىق يېزىش، باشقىلارنى كېپىللىككە تارتىش ۋە ياكى قەرزگە تەڭ نىسبەتتىكى نەرسىنى گۆرۈ ئورنىدا ئېلىپ قېلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

**4. گۇۋاھلىق بېرىش ھەققىدە**

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 70 - ماددىسىدا:"دېلو ئەھۋالىدىن خەۋىرى بارلىكى ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ سوتقا كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈشىنى قوللىشى كېرەك. گۇۋاھچىنىڭ سوتقا كېلىشكە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ رۇخستى بىلەن يازما گۇۋاھلىق بەرسە بولىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى دەلىل - ئىسپاتنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقتىن دېلونىڭ ئادىل بېجىرىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەر گۇۋاھلىق بەرگەندە چوقۇم ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللارنى ئەينەن بايان قىلىشى، پاكىتنى يوشۇرماسلىقى ۋە بۇرمىلىماسلىقى ياكى بىر تەرەپكە يان بېسىپ يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىكى كېرەك. دېلو بېجىرگۈچى خادىملارمۇ گۇۋاھلىق سۆزلىرىگە نىسبەتەن سەگەك بولۇشى ھەمدە گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى دېلونىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق راست - يالغانلىقىنى بېكىتىشى كېرەك. گۇۋاھلىق ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق مۇقەددەس بايانلار بار:

**خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئادالەتنى بەرپا قىلالىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر(يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقنىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.**

— سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 135 - ئايەت

**گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ.**

— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 283 - ئايەت

شۇڭا توغرا گۇۋاھلىق بېرىش دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

**3. باشقىلار**

1) كىشىلەر ئارىسىدىكى سودا - سېتىق جەريانلىرىدا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئىستېمالچىلارغا ئۆلچەمسىز جىڭ - تارازىلاردا نەرسە كېرەكلەرنى كەم ئۆلچەپ بېرىش ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى باھا كۆرسەتكۈچى بويىچە ئېرىششكە تېگىشلىك مىقدارىدىكى نەرسە كېرەكلەرگە ئېرىشەلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆلچەم قانۇنى»نىڭ 17 - ماددىسىدا:"ئۆلچەم قوراللىرىنى ئىشلەتكەندە ئېنىقلىق دەرىجىسىنى بۇزۇپ، دۆلەت ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. «ئۆلچەم قانۇنىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي قائىدە»نىڭ 51 - ماددىسىدا بولسا "لاياقەتسىز بولغان ئۆلچەم قوراللىرىنى ئىشلىتىپ ياكى ئۆلچەم قوراللىرىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى بۇزۇپ ۋە ساختا سانلىق ئاساسلارنى كۆرسىتىپ، دۆلەت ۋە ئىستېمالچىلارغا زىيان

يەتكەنلەرگە زىياننى تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇ" دەپ كۆرسىتىلگەن.

**سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش(سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر.**

— سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 - سۈرە)، 35 - ئايەت

**ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار، (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى(يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار.**

— سۈرە«شۇئەرا»(26 - سۈرە)، 181—183 - ئايەت

دېمەك، دۆلىتىمىز قانۇنلىرىدا بولسۇن ياكى ئىسلام شەرىئىتىدە بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئىستېمالچىلار يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا يولۇققاندا دەرھال ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

2) «ئومۇمىي قائىدە»نىڭ 127 - ماددىسىدا: "بېقىلىۋاتقان ھايۋان باشقىلارغا زىيان سالسا، شۇ ھايۋاننى باققۇچى ياكى باشقۇرغۇچى ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن.

قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە«ئەنبىيا» 78 - ئايەتنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بىر ئادەمنىڭ قويلىرى كېچىسى يەنە بىر ئادەمنىڭ زىرائىتىنى پۈتۈنلەي يەپ كەتكەندى. ئۇلار دەۋالىشىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇزۇلغان زىرائەتنىڭ بەدىلىگە قوينى زىرائەتنىڭ ئىگىسىگە بېرىشنى بۇيرۇيدۇ، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مەسىلىگە باشقىچىرەك قاراپ، قوي ئىگىسى زىرائەتنى تېرىپ، بۇرۇنقىدەك ئۆستۈرۈپ بەرگەنگە قەدەر قوينىڭ زىرائەت ئىگىسىگە قالدۇرۇلۇشىنى، ئاشۇ چاغقىچە زىرائەت ئىگىسىنىڭ قوينىڭ يۇڭى، تېرىسى ۋە تۆلىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇشىنى ئېيتىدۇ.

شۇڭا بېقىلىۋاتقان ھايۋان باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەندە زىياننىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىش، ئەگەر زىياننىڭ كېلىپ چىقىشىدا زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭمۇ مەلۇم سەۋەنلىكى بولسا، زىياننى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئۈستىگە ئېلىشىغا بۇيرۇش، ئەگەر زىيان پۈتۈنلەي بېقىلىۋاتقان ھايۋان ئىگىسىنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان بولسا زىياننى پۈتۈنلەي شۇ ھايۋاننى باققۇچى ۋە باشقۇرغۇچىنىڭ تۆلىشىگە بۇيرۇش كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك مۇسۇلمانلار يۇقىرىقىدەك قانۇنىي ۋە شەرىئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە ماجىرالىشىپ قالغاندا، دۆلىتىمىز قانۇنلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بىلەن قۇرئان كەرىمدىكى ئۇلارغا ماس كېلىدىغان تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ھەل قىلىش، كونكرېت مەسىلىگە كونكرېت مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى ۋە ئورۇنسىز ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

**جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىنىڭ ئارقىغا سوزۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ سان كېچىكىپ نەشر قىلىندى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.**

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى

ئىسمائىل ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەك چوڭ - كىچىك ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىمۇ تەبىئىي ھالەتتە ئىختىيارسىزلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئالامەتتۇر.

چۈشكۈرۈك ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدۇ، ئەسنەك بولسا شەيتان تەرىپىدىن كېلىدۇ. زۇكامدىن بولمىغان چۈشكۈرۈك سالامەتلىكنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كېسەللىك پەيدا بولغاندا ئادەم بەدىنىدىكى (كېسەلگە قارشى) ئىممۇنىتېت كۈچى بىلەن كېسەل بىر - بىرىنى چەتكە قېقىپ، ئاخىرى ئىممۇنىتېت كۈچى غالىب كەلگەندە كېسەل پارتلايدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن بەدەن خۇددى زېمىن تەۋرىگەندەك تەۋرەش ئارقىلىق چۈشكۈرۈك ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق چۈشكۈرۈك بەدەننىڭ يەڭگىللەپ قالغانلىقىدىن، سۈددەنىڭ (يەنى بۇرۇندىكى نەپەسنى توسۇۋالىدىغان بىر خىل كېسەللىكنىڭ) ئېچىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇ كىشىنى تائەت - ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا روھلۇق قىلىدۇ. ئەسنەك قورساقنىڭ تويۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋە كۆپ يېگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇ كىشىنى تائەت - ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ھورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ چۈشكۈرۈكنى ياقتۇرىدۇ، ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ، بىر كىشى چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ (ئاللاھقا شۈكرى) دېسە، ئۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمان ئادەم يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن!) دېيىشكە تېگىشلىك. ئەسنەك شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ، ئەسنەك كەلگەندە مۇمكىن قەدەر ئۇنى قايتۇرغىن، ئەسنىگەن كىشى‹ھا...›دېسە شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلىدۇ". («سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» — ئۇيغۇرچە نەشرى 303 - ، 304 - بەت)

چۈشكۈرۈك ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بۈيۈك نېمەتلەر قاتارىدىكى بىر نېمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ قاتتىق سىلكىنىش ئارقىلىق مېڭىدىن بۇرۇن ھاۋانى بۇرۇن ئارقىلىق چىقىرىۋېتىپ ئەزالارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلار مۇنداق دەيدۇ: ئادەم زۇكام بولغاندا ياكى دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراقنى پۇرىغاندا، بۇرۇن شىللىمشىق پەردىلىرى غىدىقلىنىپ چۈشكۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراقلار ياكى كېسەل مىكروبلىرى چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم تېنىدىكى بىر خىل ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئىنكاسى. مانا مۇشۇنداق پايدىلىق بولغان بىر نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئاللاھنى ھەقىقي تونۇغان ھالەتتە، ئۇنى ماختاپ ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› دېگەن بىر مۇسۇلمانغا، ئاڭلىغۇچى

كىشى قانداقمۇ ئاللاھدىن ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەپ «يەرھەمۇكەللاھ» دېمەي تۇرالىسۇن!

ئاللاھ تائالا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا جاننى كىرگۈزگەن چاغدا، ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىغا تەشەككۈر بايان قىلىپ «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا «يەرھەمۇكەللاھ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا جاننى پۈۋلىگەندە چۈشكۈرۈپ: 'ئەلھەمدۇلىللاھ' (ئاللاھقا شۈكرى) دەپ، ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا، پەرۋەردىگارى: 'يەرھەمۇكەللاھ' (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دەپ بولۇپلا: 'ئى ئادەم! ئاۋۇ ئولتۇرغان بىر توپ پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىن' (دېگەندە)، ئادەم ئەلەيھىسسالام: 'ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم' دېدى. پەرىشتىلەر: 'ئەلەيكەسسالامۇ ۋەرەھمەتۇللاھ' دېدى. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا): 'بۇ سېنىڭ سالىمىڭ بولسا سەن بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى سالامدۇر' دېدى" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، «مىشكاتۇلمەسابىھ»، ئەرەبچە نەشرى، 400 ـ بەت). بۇ مۇبارەك ھەدىسنىڭ روھىدىن بىر ئادەم چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە، ئاڭلىغۇچى كىشىنىڭ يەرھەمۇكەللاھ دېيىشى ۋاجىپ (زۆرۈر) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئۈچۈن ۋاجىپ ھېسابلىنىدىغان بەش تۈرلۈك ئىش بار. ئۇلار: سالام بەرگۈچىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش، چۈشكۈرگۈچى "ئەلھەمدۇلىللاھ" (ئاللاھقا شۈكرى) دېسە، "يەرھەمۇ كەللاھ" (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىش، چاقىرغان يەرگە بېرىش، كېسەللەرنى يوقلاش، جىنازىغا ئەگىشىشتىن ئىبارەت". (ئىمام مالىك، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان. «جامىئۇلئۇسۇل فى ئەھادىسىر رەسۇل»، ئەرەبچە نەشرى، 5 ـ قىسىم، 250 ـ بەت).

بىز ئىنسانلار ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بىر-بىرىمىز بىلەن ئارىلىشىپ ياشايمىز ھەم شۇنداقلا كۈندە نەچچە قېتىم چۈشكۈرۈپ "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېگەن سۆزىنى بىر-بىرىمىزدىن ئاڭلاپ تۇرىمىز، لېكىن ئۇ سۆزگە بىر قىسىم مۇسۇلمانلىرىمىز سەل قاراپ، خۇددى بىزگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى كېرەك ئەمەستەك ئۆزئارا "يەرھەمۇكەللاھ" دەپ جاۋاب بەرمەي كېلىۋاتىمىز، ئەسلى بۇ سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى چۈشكۈرۈككە جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىپ خاراكتېرىنى ئالغان ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى قىلمىسا بولمايدىغان ئاساسلىق ئىشلار قاتارىدا ھېسابلاپ، بىز مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇغان. بۇ ھەقتە بەرا ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەرا مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە تۈرلۈك ئىشقا بۇيرۇدى، يەتتە تۈرلۈك نەرسىدىن مەنئى قىلدى، بىزنى جىنازىغا ئەگىشىشكە، كېسەللەرنى يوقلاشقا، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشكە، قەسەم ئىچكۈچىلەرنىڭ قەسىمىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىشكە، سالام بەرگۈچىلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشقا، چۈشكۈرگۈچى 'ئەلھەمدۇلىللاھ (ئاللاھقا شۈكرى)' دېسە، 'يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن!)' دېيىشكە بۇيرۇدى ھەمدە بىزنى كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىشتىن، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، تاۋار-دۇردۇنلارنى، زەر ئارىلاش يىپەك رەختلەرنى كىيىشتىن* تېشىغا يىپەك رەخت قاپلانغان ئېگەر ئۈستىگە مىنىشتىن مەنئى قىلدى" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەمرى-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن!**

—— سۈرە «نۇر» (24 ـ سۈرە)، 63 ـ ئايەت

يۇقىرىقى نۇرلۇق ئايەتنىڭ روھىدىن ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا

* بۇ يەردە ئاياللار ئەمەس، ئەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قەتئىي ئەمەل قىلىشنىڭ، جۈملىدىن چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ دېگەن كىشىگە، ”يەرھەمۇكەللاھ“ دەپ جاۋاب بېرىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا مەن تۆۋەندە چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىي شەرھلىمەكچىمەن:

1. بىر ئادەم چۈشكۈرۈپ ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دېسە، ئاڭلىغۇچى كىشىنىڭ چوقۇم ”يەرھەمۇكەللاھ“ دېيىشى زۆرۈر. ئاندىن چۈشكۈرگەن ئادەم ئۇ سۆزنى ئاڭلاپلا قويماستىن، جاۋاب قايتۇرغان كىشىگە ئاللاھنىڭ تېخىمۇ ھىدايەت بېرىشىنى ۋە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشى سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرسە ’ئەلھەمدۇلىللاھ‘ (ئاللاغا شۈكرى) دېسۇن، ئۇنىڭغا قېرىندىشى ياكى دوستلىرى ’يەرھەمۇكەللاھ‘ (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ’يەرھەمۇكەللاھ‘ دېسە، چۈشكۈرگەن كىشى (قېرىندىشىغا) ’يەھدىكۇمۇللاھۇ ۋە يۇسلىھۇ بالەكۇم‘ (ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭلارنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن) دېسۇن“ (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

چۈشكۈرگەن ئادەمنىڭ ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ (ئاللاھقا شۈكرى) دېيىشى سۈننەت، ”ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن“ (جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر) ياكى ”ئەلھەمدۇلىللاھى ئەلە كۇللى ھال“ (جىمى ھەمدۇسانا ھەممە ھالەتتە ئاللاھقا خاستۇر) دېيىشى ئەۋزەلدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرسە ئەلھەمدۇلىللاھى ئەلە كۇللى ھال دېسۇن، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغان كىشى يەرھەمۇكەللاھ دېسۇن. چۈشكۈرگەن كىشى (قېرىندىشىغا) ’يەھدىكۇمۇللاھۇ‘ ۋە ’يۇسلىھو بالەكۇم‘ دېسۇن!›› (تىرمىزى، دارىمى رىۋايەت قىلغان، ‹‹مىشكاتۇلمەسابىھ››، ئەرەبچە نەشرى، 406 ـ بەت). يەنە نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا چۈشكۈرۈپ: ”ئەلھەمدۇلىللاھى ۋەسسالامۇ ئەلە رەسۇلۇللاھ“ (ئاللاھقا شۈكرى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سالام بولسۇن) دېگەندە، ئىبنى ئۆمەر: ”مەنمۇ ’ئەلھەمدۇلىللاھى ۋەسسالامۇ ئەلە رەسۇلۇللاھ‘ دەيمەن، (چۈشكۈرگەندە) ئۇنداق ئەمەس بىزگە رەسۇلۇللاھ: ’ئەلھەمدۇلىللاھى ئەلە كۇللى ھال دېيىشىمىزنى بىلدۈردى“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ‹مىشكاتۇلمەسابىھ›، ئەرەبچە نەشرى، 406 ـ بەت) مانا بۇ ھەدىسنىڭ روھىدىن ئىبادەتنى رەسۇلۇللاھ ساھابىلارغا تەلىم بەرگەندە ئۆز جايىدا (كەم ياكى زىيادە قىلماستىن) تولۇق ئورۇندىشىمىزنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى، جۈملىدىن ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن سۆزنى رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتىغا قوشۇپ قويساق بىدئەت پەيدا قىلغان بولىدىغانلىقىمىز ئاشكارا بولىدۇ. يەنە سالىم ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بىر ئادەم چۈشكۈرۈپ: ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم› (سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن) دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئەلەيكە ۋە ئەلا ئۇممىكە› (ساڭا ۋە ئاناڭغا سالامەتلىك تىلەيمەن)، ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرسە: ‹ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن› دېسۇن، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرىدىغان كىشى: ‹يەرھەمۇكەللاھ› دېسۇن، چۈشكۈرگەن كىشى (قېرىندىشىغا): ‹يەغفىرۇللاھۇ لەنا ۋە لەكۇم› دېسۇن›› دېدى (ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن چۈشكۈرۈككە جاۋاب قايتۇرغان كىشىگە، چۈشكۈرگەن ئادەم ‹‹يەھدىكۇمۇللاھۇ ۋە يۇسلىھۇ بالەكۇم››(ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭلارنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن!) ياكى ‹‹يەغفىرۇللاھۇ لەنا ۋەلەكۇم››(ئاللاھ بىزلەرنىڭ ۋەسىلەرنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن!) دېگەن سۆزنىڭ قايسىسى بىلەن دۇئا قىلسا سۈننەت ئىجرا بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

2. بىر ئادەم چۈشكۈرۈپ ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دەپ ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتمىسا، ئۇنىڭغا ”يەرھەمۇكەللاھ“ دەپ جاۋاب قايتۇرماسلىقىمىز سۈننەت. بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ: ”سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە، ئۇنىڭغا يەرھەمۇكەللاھ دەڭلار.

**ئەگەر ئەلھەمدۇلىللاھ دېمىسە، ئۇنىڭغا يەرھەمۇكەللاھ دېمەڭلار**"( ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، «رىيازۇسسالىھىن»، ئەرەبچە نەشرى، 297 ـ بەت ). بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا چۈشكۈرۈك دېگەن ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان كېسەلگە قارشى بىر نېمەت. شۇڭا ئىنسان ئۇ نېمەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىپ، ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتقان ھالدا ئەلھەمدۇلىللاھ دېمىسە، ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەپ يەرھەمۇكەللاھ دېيىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! بۇ ھەقتە بىز مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىگە بىر قاراپ باقايلى: ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:"ئىككى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا چۈشكۈرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىرىگە: '**يەرھەمۇكەللاھ**' دېدى، يەنە بىرىگە:'يەرھەمۇكەللاھ' دېمىدى. يەرھەمۇكەللاھ دېيىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم( رەسۇلۇللاھقا ): 'پالانى چۈشكۈرسە يەرھەمۇكەللاھ دېدىڭ، مەن چۈشكۈرسەم يەرھەمۇكەللاھ دېمىدىڭ' دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**بۇ ئەلھەمدۇلىللاھ دېدى. ھەقىقەتەن سەن ئەلھەمدۇلىللاھ دېمىدىڭ**' دېگەن ئىدى"( ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، ‹‹رىيازۇسسالىھىن››، ئەرەبچە نەشرى، 297 ـ بەت ).

3. چۈشكۈرمەكچى بولغان ئادەم چۈشكۈرۈك كەلگەن ھامان، ئۆزىنىڭ قولى ياكى قول ياغلىقى بىلەن ئېغىز، بۇرنىنى توسۇپ مۇمكىنقەدەر ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكۈرسە ئۆزىنىڭ يۈزىنى، قولى ياكى كىيىمى بىلەن ياپاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى تۆۋەن قىلاتتى**" (تىرمىزى ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان، « مىشكاتۇلمەسابىھ››، ئەرەبچە نەشرى، 406 ـ بەت ). بۇ ھەدىس بارلىق ئىنسانلارنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئەخلاقتا ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىن قاتتىق چۈشكۈرۈپ باشقىلارنى بىزار قىلماسلىق ( بولۇپمۇ كىشىلەر بار جايدا بۇرۇننى قېقىش ھەم بۇرۇننى كوچىلاشنىڭ تېخىمۇ نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكى) بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى بىر ئادەم ئېغىز ـ بۇرنىنى توسۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ چۈشكۈرمىگەندە، ئۇنىڭ ئېغىز، بۇرنىدىكى نەملىك يېنىدىكى كىشىلەرگە چاچرىغاندىن سىرت، ياشانغان كىشىلەرنى ۋە كىچىك بالىلارنى ئۈشتۈمتۇت چۆچۈتۈۋېتىپ ئۇلارغا ئازار بېرىشى مۇقەررەر ئىشتۇر.

4. ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشكۈرۈپ "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېگەن كىشىگە، ئارقا ـ ئارقىدىن "يەرھەمۇكەللاھ" دەپ ئۈچ قېتىمغىچە جاۋاب قايتۇرۇش سۈننەت. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنى زۇكام(كېسەل) بولۇپ قالغان ئادەم ھېسابلاپ جاۋاب قايتۇرمىسىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ. بۇ ھەقتە سەلەم ئىبنى ئەكۋەئى رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:"مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا چۈشكۈرگەن بىر ئادەمگە شاھىت، رەسۇلۇللاھ ( ئۇنىڭغا ):'**يەرھەمۇكەللاھ**' دېدى. ئاندىن ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىم چۈشكۈردى، يەنە رەسۇلۇللاھ:'**يەرھەمۇكەللاھ، بۇ زۇكام بولۇپ قالغان ئادەمدۇر**' دېدى" ( ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، «تەربىيەتۇلئەۋلادى فىل ئىسلام» ). يەنە ئۇبەيد ئىبنى رىفائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**چۈشكۈرۈككە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچ قېتىم بولىدۇ، ئەگەر زىيادە قىلىشنى خالىساڭ جاۋاب قايتۇرغىن ۋە ئەگەر خالىساڭ جاۋاب قايتۇرمىغىن**"( تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ‹‹مىشكاتۇلمەسابىھ››، ئەرەبچە نەشرى، 406 ـ بەت ).

5. غەيرى دىندىكى بىر ئادەم چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ ( ئاللاھقا شۈكرى ) دېسە، بىز مۇسۇلمانلار سېنىڭ ئېغىزىڭدىكى "ئەلھەمدۇلىللاھ" دېگەن سۆز بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ بىردەك ئەمەس دېگەن ئىدىيەدە بولماي، بەلكى ئۇنىڭغا "يەھدىكۇمۇللاھۇ ۋەيۇسلىھۇبالەكۇم( ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭلارنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن )"دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىمىز سۈننەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:"يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرھەمۇكەللاھ دېيىشىنى ئۈمىد قىلىپ چۈشكۈرەتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : '**يەھدىكۇمۇللاھۇ ۋە يۇسلىھۇبالەكۇم**' دەيتتى"( تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان ‹‹جامىئۇلئۇسۇل فى ئەھادىسۇر رەسۇل››، ئەرەبچە نەشرى، 5 ـ قىسىم، 269 ـ بەت ).

6. ھەرقانداق ئادەم ئەسنەك كەلگەن ھامان، ئۇنى بولىشىغا قويۇپ بېرىپ شۇم نىيەتلىك شەيتانىنى خۇرسەن قىلماي، بەلكى ئەسنەكنى مۇمكىنقەدەر قايتۇرۇۋېلىشى سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**ئەسنەك شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ. ئەسنەك كەلگەندە مۇمكىنقەدەر ئۇنى قايتۇرغىن، ئەسنىگەن كىشى ‹ھا›دېسە شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلىدۇ**" (‹‹سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى›› —— ئۇيغۇرچە نەشرى 303 - ، 304 - بەت). بۇ ھەدىسنىڭ روھىنى تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇنۇ يەكۈنلىرى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:"ئادەم بەدىنىدە كېسەللىك پەيدا بولغاندا ياكى ھارغىنلىق ھېس قىلغاندا ئەسنەك تۇتىدۇ. ئەسنىگەندە بەدەندىكى ئارتۇقچە كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى سىرتقا چىقىرىدۇ". مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا قولنى ئېغىزغا قويۇۋېلىش بىلەن ياكى ئىككى لېۋىنى يۇمۇۋېلىش بىلەن ئەسنەكنى قايتۇرماي "ھا..." دەپ ئەسنىگەندە، يۇقىرىقىدەك ھەرخىل كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروبلار سىرتقا تارقايدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ھەمراھلىرىغا كېسەلنى يۇقتۇرۇپ شەيتاننى كۈلدۈرىدۇ. چۈنكى شەيتاننىڭ خاراكتېرى ئىنسانلارنى جىسمانىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن زىيان تارتقۇزۇشتۇر.

7. نامازنىڭ ئىچىدە ئەسنەك كېلىپ قالسا مۇمكىنقەدەر ئېغىزىنى يۇمۇۋېلىش، ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىسا قولنى ئېغىزىغا قويۇپ توسۇۋېلىش جايىزدۇر، ئۇنداق قىلغانغا ناماز بۇزۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**نامازدىكى ئەسنەك شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەسنىگەن چاغدا مۇمكىنقەدەر توسۇۋالسۇن**"(ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ‹‹مىشكاتۇلمەسابىھ››، ئەرەبچە نەشرى، 91 - بەت).

8. شەيتان ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا ئېغىز ئارقىلىق كىرىۋېلىپ رەزىل مەقسەتلىرىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەيدۇ، شۇڭا ئەسنىگەندە قولىمىزنى ئاغزىمىزغا قويۇۋېلىش سۈننەت. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەسنىگەندە قولى بىلەن ئېغىزىنى ئېتىۋالسۇن (ئۇنداق قىلمىسا) ھەقىقەتەن شەيتان (ئېغىزىدىن) كىرىپ كېتىدۇ**"(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ‹‹رىيازۇسسالىھىن››، ئەرەبچە نەشرى، 298 - بەت) بۇ ھەدىستىن ئادەم ئەسنىگەندە ئېغىزنى توسۇۋالمىسا، ئۇنىڭ قەلبىگە شەيتان كىرىپ ۋەسۋەسە قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا چاڭ - توزان ياكى چىۋىن، پاشا ۋە كۆمۈتا دېگەندەك ھەرخىل ھاشاراتلارنىڭ ئەسنىگەن سەۋەبلىك ئېغىزغا كىرىپ كېتىشى ئارقىلىق ھەرخىل كېسەللەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ.

9. ئەسنىگەن ئادەمنىڭ ئۈستۈن ئاۋازدا ‹‹ھا...››دېيىشىنى ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"**ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئەسنەك ۋە چۈشكۈرۈك ئارقىلىق ئاۋازنى كۆتۈرۈشنى يامان كۆرىدۇ**" (‹‹تەربىيەتۇلئەۋلادى فىلئىسلام››). دېمەك، قالايمىقان كېرىلىپ ئاسمانغا قاراپ سوزۇلۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا ‹‹ھا...ھا...››دەپ ئەسنەش بولسا ھايۋانلارنىڭ خاراكتېرى ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتتىن ئېنىق بىلەلەيمىز. ئاللاھ تائالا لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىنى بىز مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە قىلدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**ئوتتۇرھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.**

—— سۈرە ‹‹لوقمان››(31 - سۈرە)، 19 - ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن گەپ - سۆز قىلغاندا ئۈستۈن ئاۋازدا ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆز قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، جۈملىدىن ئەسنەك ۋە چۈشكۈرۈك ئارقىلىق ئاۋازنى كۆتۈرۈشنىڭ ئەيىب سانىلىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

www.uyghurkitap.com

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

▲ بۇ يىل 2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. ئېرىز دۆلەت قاتارلىق ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇننى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما خۇڭسەن ئىنستىتۇت خىزمىتىدىن قىسقىچە دوكلات بەردى. ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى مېھمانلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى. چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، لاياقەتلىك دىنىي خادىم تەربىيىلەش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى، شۇنداقلا بۇ ئىنستىتۇت بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زىيارەت داۋامىدا چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 2002 - يىللىق 2 - سىنىپ ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى شىنجاڭ خۇيزۇ سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان تەلەپ - ئۈمىدىنى بىلدۈردى. زىيارەت ئاخىرىدا چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئىشخانىسى)

▲ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىسلام جەمئىيىتى باش كاتىپلار بىرلەشمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسىلىنىپ، 2006 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىغىندا يەنە جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك يىغىن ماتېرىياللىرى ئۆگىنىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ 2006 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك ۋەز مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقە تېكەس، قورغاس، ئىلى ناھىيىلىرىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ تىللىق گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى: ئۇيغۇر تىللىق گۇرۇپپىسىدىن 15 نەپەر، قازاق تىللىق گۇرۇپپىسىدىن 14 نەپەر، خەنزۇ تىللىق گۇرۇپپىسىدىن 17 نەپەر ماھىر قاتناشتى. (ۋۇ شۆبىن)

▲ 2006 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاقسۇ شەھىرىدە ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلارنىڭ ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە توققۇز ماھىر، 40 تىن ئارتۇق ئىمام - خاتىپ قاتناشتى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

▲ 2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - ، 18 - كۈنلىرى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 5 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى، 4 - قېتىملىق «بەشتە ياخشى»دىنىي پائالىيەت سورۇنى، «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئېتىقادچى ئاممىدىن 123 ۋەكىل قاتناشتى. سايلام ئارقىلىق 57 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 27 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 9 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپتىن تەركىب تاپقان يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى بارلىققا كەلدى. ئاخىرىدا «بەشتە ياخشى» 50 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، «بەشتە ياخشى» 80 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. (مەھەممەتتۇرسۇن ھاجى)

▲ يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3 - سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنى 2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا ھەيئەت ئەزالىرى، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر قايسى يېزا - بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئۆتكەنكى خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىلدى، 2006 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى. (يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ خوتەن ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 4 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2006 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا 8 يېزا، بىر بازاردىن 39 ۋەكىل قاتناشتى. (ھامۇت مامۇت)

▲ خوتەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەرلىكتىكى قەبرىستانلارغا جەمئىي 38مىڭ 647تۈپ مەنزىرە دەرىخى تىكىلىپ، قەبرىستانلىقنىڭ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى. (ھامۇت مامۇت)

▲ مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام دىنى شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش چوڭ يىغىنى بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، دىنىي زات ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 60تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر»(3 - توپلام)نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

## ئىسلام مائارىپى

### جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 2001 - يىللىق شىنجاڭ سىنىپى ئوقۇش پۈتتۈردى

ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىغا 2001 - يىلى قوبۇل قىلىنغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، سالار مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 20نەپەر تالىپ بەش يىللىق ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇ تالىپلار بەش يىل جەريانىدا دىنىي، سىياسىي - قانۇن، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆگىنىشتىن سىرت، خەنزۇ تىلى ، ئەرەب تىلى ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ ھەم دىنىي بىلىمگە ھەم سىياسىي - قانۇن، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە ھەم دىننى ھەم سىياسەتنى بىلىدىغان ھەم دۆلەت ئەھۋالى ھەم خەلقئارا ئەھۋالدىن خەۋەردار ھەم ئۆز تىلىغا پىششىق ھەم كۆپ خىل تىل ئىگىلىگەن بىرقەدەر ئۇنىۋېرسال دىنىي خادىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇ سىنىپ تالىپلىرى قوبۇل قىلىنغان چاغدىلا مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرى ئۇلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنىدى، ئوقۇش جەريانىدا بۇ تالىپلار ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ئۇلارنى يوقلاپ ھال سوراپ تۇردى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا شىنجاڭ رايونىدىكى مەسچىتلەردە پراكتىكا(دىنىي پائالىيەت ئەمەلىيىتى) ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، بېيجىڭدىكى مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقە، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشتىن سىرت تيەنجىن، نەنجىڭ، ياڭجۇ، خاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە - ئۆگىنىش قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتىدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلەرنىڭ مەسئۇللىرى ئۇلارنى دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن مەخسۇس سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەكتەپ زالىدا داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرىدىن سىرت، دۆلەتلىك دىن

ئىشلىرى ئىدارىسى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇرات ئەلى، سىياسىي-قانۇن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لۇ جىنگۇاڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقارمىلار مەسئۇللىرى قاتنىشىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنى تەبرىكلىدى، مۇراسىمدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن لۇ جىنگۇاڭ سۆز قىلىپ، تالىپلارنىڭ بەش يىللىق ئوقۇش نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ خوشلاشتى.

تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مەخسۇس خادىملارنى ئەۋەتىپ، مەكتەپ رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋە تالىپلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تالىپلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىدى.

بۇ تالىپلار شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەر كىمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانلانماقتا.

▲ يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 19-قارارلىق دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا 200 ئادەم قاتناشتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ لوپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە غەسساللەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 218 ئايال قاتناشتى. (تۇرسۇنتوختى مەتىمىن)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▲ قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلار يېقىنقى مەزگىلدىن بېرى نامراتلارغا 97 مىڭ 800 يۈەن نەق پۇل، 17.6 تونna ئاشلىق، 16 تونna كۆمۈر، 18مىڭ 600 يۈەن قىممىتىدە كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلدى. (سىدىق تۇردى، ھەسەن تۇردى)

▲ يېقىندىن بېرى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ئالدىن بېيىغان دىنىي زاتلار مائارىپقا 72مىڭ يۈەن پۇل، 20 كىلوگرام ئۇرۇقلۇق، 310 كىلوگرام ياغ، 31 تونna كۆمۈر، 50 ھارۋا ئوتۇن، 5250 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 200 كىلوگرام سۇلياۋ يوپۇق، يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، شاخاپ يېزا بوستانقۇمۇش 6-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ياسىن سىدىق 1995-يىلدىن بۇيان نامرات 28 كىشىگە 11مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئاشلىق، چارۋا، نەق پۇل، كىيىم-كېچەك ياردەم قىلغاندىن سىرت، 24 نامرات ئائىلىنىڭ 380 مو تېرىلغۇ يېرىنى ئۇدا بىر قانچە يىل ھەقسىز ھەيدەپ بەردى. 2003-يىلى 4000 يۈەنگە ئۈستەل-ئورۇندۇق سېتىۋېلىپ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ياردەم قىلدى. 2005-يىلى 9-ئايدا 3000 يۈەن چىقىم قىلىپ، كەنتكە بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. (سىدىق تۇردى، ھېزىمجان سەيدەخمەت، ئاتاۋۇللا مەھەممەت)

▲ بىلتۇر 3-دېكابىرنىڭ 8-لىيەندە ئىمامەتچىلىك قىلىپ كەلگەن ياسىن قارى بۇ يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى ۋاپات بولدى؛ مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇنىڭ نەزىرىگە ئاتالغان 2000 يۈەن پۇل دەل ۋاقتىدا 80 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ قولىغا تەگدى. (مەلىكەم روزى)

▲ پوسكام ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئەزىزدىنخان ھاجى 3-ئاينىڭ 17-كۈنى (نەۋرۇز ھارپىسىدا) 2000يۈەن قىممىتىدە 50 ئوقۇغۇچى فورمىسى سېتىۋېلىپ، بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات، «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەردى. ئەزىزدىنخان ھاجى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تاشقورغان، پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەردىكى قار ئاپىتى، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە ۋە پوسكامدىكى بەزى مەكتەپلەرگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 70مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكە ئىگە ئاشلىق، كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلغانىدى. (ئابلىمىت يولۋاس، پەرھات ئابلىمىت)

▲ باي ناھىيىسى باي بازىرىدىكى دىنىي زاتلار، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ يېقىنقى 3 يىل ئىچىدە نامرات ئائىلىلەرگە، مېيىپلارغا بەرگەن تۈرلۈك ياردەملىرى 100مىڭ 00 يۈەنگە يەتتى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

▲ مەكىت بازىرى بولقا ئۆستەڭ بويى رايونى ھېيتگاھ مەسچىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە جامائەت بىرلىكتە 3150 يۈەن پۇل توپلاپ، 18 نامرات ئائىلىدىن ھال سورىدى. يەنە قىزىلئاۋات يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار يې تەۋەسىدىكى يېتىم-يېسىرلار، نامرات ئائىلىلەردىن 1500 يۈەن نەق پۇل 2500 جىڭ ئاشلىق، 10 ھارۋا ئوتۇن، 10 قۇر كىيىم بىلەن ھال سورىدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل، توختى ئاۋۇت)

▲ بۇ يىل 4-ئايدا پوسكام ناھىيە ئىككىسۇ يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ئۆز تەۋەسىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە 500 يۈەن پۇل، 500 كىلوگرام ئاشلىق ياردەم قىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ مەكىت ناھىيە يانتاق يېزا تۆۋەنكى ئاقتىكەن كەنت 3-مەھەللە مەسچىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە جامائەت بىرلىكتە 6600 يۈەن توپلاپ يىللاردىن بېرى شۇ مەھەللىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان چوڭ ئۆستەڭگە ئىككى كۆۋرۈك سالدۇردى. 3-ئاينىڭ 8-كۈنى ئارلاڭقا كەنت 4-مەھەللە مەسچىتىدىكى دىنىي زات ۋە جامائەت بىرلىكتە 2500 يۈەن پۇل 500 كىلوگرام ئاشلىق يىغىپ، نامرات 3 ئائىلىگە ياردەم قىلدى.

(ئابدۇرېشىت ۋاسىل، ئەنۋەر ئوسمان)

▲ قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قاغىلىق بازار ئاق مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرازاق قارى ھاجى 2001-يىلى 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 3 نەپەر ياشنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. يېقىندا ئۇ يەنە مائارىپ ئىشلىرىغا 5300 يۈەن، ھاجەتخانا سېلىشقا 3000 يۈەن، يېتىمقۇلۇم يېزىسىدىكى نامرات ئائىلىلەرنى يۆلەشكە 6000 يۈەن سەرپ قىلدى، مەھەللىسىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە 7800 يۈەن قىممىتىدە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ياردەم قىلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا يىللاردىن بېرى 12 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى.

(مۇساجان ياسىن)

▲ يېقىندا چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزا-بازار جامە مەسچىتى، پۇناق ئازنا بازار مەسچىتى، پارچە كەنتى مەسچىتى قاتارلىق 8 مەسچىتتىكى دىنىي زاتلار بېيىغان ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 1700 كىلوگرام ئوتۇن، 650كىلو ئاشلىق، 500 يۈەن قىممىتىدە كىيىم-كېچەك، 910يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ، بۇ يېزىدىكى 13 نامرات ئائىلىگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى.

(ئانارگۈل مەتسەيدى).

▲ يەكەن ناھىيىسىدىكى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولغان 850 نەپەر دىنىي زات ئۆز جايلىرىدىكى نامرات كىشىلەرگە، 1572 بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىگە ۋە يېتىم-يېسىرلارغا 37مىڭ يۈەن پۇل، 76مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، 49 تۇياق چارۋا، 1277 قۇر كىيىم، 34 تونna كۆمۈر ياردەم قىلغاندىن سىرت، مائارىپقا 30مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ئىئانە قىلدى. دىنىي زاتلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردىمى بىلەن

www.uighurkitap.com

32 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا ماڭدى. پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلارمۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىگىلىك تىكلەپ بېيىغاندىن كېيىن نامراتلارغا 40 مىڭ يۈەن پۇل، 7200 كىلوگرام ئاشلىق، 15 تونىنا كۆمۈر ياردەم قىلدى. 22 نامرات ئائىلىگە چىدامىلىق ئۆي سېلىپ بەردى، 15 نامراتنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويدى، مەكتەپ ۋە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋە كىيىم - كېچەك ياردەم قىلدى، كەنت تەۋەسىدىكى 7 ئورۇنغا بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

▲ خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شەھەر ئىچى چوڭ جامەنىڭ ئىمامى نۇرمۇھەممەت ھاجى قاتارلىق دىنىي زاتلار بېيىغان ئائىلىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، قارىقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم مەكتەپ ۋە نامرات ئائىلىلەرگە 41 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كۆمۈر، ئوتۇن، نەق پۇل ياردەم قىلدى. (تۇرسۇنتوختى مەتتىمىن)

▲ كورلا شەھىرى پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدان چارۋىچىلىق كەنت مەسچىت ئىمامى تۇرسۇن مامۇت ھاجى ئۆز يېنىدىن 15 مىڭ يۈەن، ئۆزى ئىماملىق قىلىۋاتقان مەسچىتتىن 3000 يۈەن چىقىرىپ يېزا - كەنت يول قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلدى. كورلا شەھىرى نەشپۈتزار يولى مەسچىت ئىمامى ئەيسا مامۇت قارى ھاجى ئۆز يېنىدىن 500 يۈەن، مەسچىت كىرىمىدىن 20 مىڭ يۈەن چىقىرىپ مائارىپقا ئىئانە قىلدى. (ئەخمەتجان ھەسەن)

▲ خېجىڭ ناھىيە خېجىڭ بازىرى چاغانتوڭ كەنت مەسچىتىنىڭ ياش ئىمامى سەمەت قارىم بىكار ۋاقىتلىرىدا ياشلار بىلەن سىردىشىپ، ئائىلە ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۈلگە بولغان ئەدەپ - ئەخلاق، قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتتى، ياشلار ئارىسىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى سورۇنلاردا ماختىدى، ئۈلارنىڭ ئىنساۋىغا دۇئا قىلدى. ئۇ 2004 - يىلى 4 - ئايدا دىنىي زاتلار ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ 18مىڭ يۈەن توپلاپ، ھۈنىرى بارلارنى ئىشقا، تراكتورى بارلارنى قاتناشقا سېلىپ چاغانتوڭ كەنت 1 - ئەترەت بىلەن 2 - ئەترەتنى ئايرىپ تۇرغان ئۈلانباي ئۆستىڭىگە بىر كۆۋرۈك سېلىشقا زور كۈچ چىقاردى. 2006 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ 25 تراكتور، 150 ئادەمنى تەشكىللەپ، 900 مېتىر مەھەللە يولى ياساتتى. (تۇردى ئەبەيدۇللا، ئابدۇراخمان تۇردى)

▲ مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسىدىكى 40تىن ئارتۇق دىنىي زات بۇ يىلقى 1 - ئىيۇن باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن 5020 يۈەن پۇل چىقىرىپ، يېزا تەۋەسىدىكى 15 ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سورىدى. يەنە قىزىلئاۋات يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار 2000 يۈەن پۇل ۋە خاتىرە، قەلەم تەييارلاپ، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئۈچ مەكتەپكە بېرىپ باللار بايرىمىنى تەبرىكلىدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل، تۇرادىن تۇردى)

▲ كۇچا ناھىيە كۇچا بازىرى كونىشەھەر يا كوچا ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى قۇربان نۇر ھاجىم 2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كۇچا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئارقىلىق 12 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا 18مىڭ 500 يۈەن ياردەم قىلدى. (روزى مويدۇن)

▲ ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل قۇربان ھېيتتىن بۇيان نامرات ئائىلە ۋە ئوقۇشى قىيىن ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىي 10مىڭ 800 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى (ھەسەنجان مۇھەممەت)

▲ قۇمۇل شەھىرى ئازنا بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەخمۇت قارى ھاجى يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان 9200 يۈەن پۇل چىقىرىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ نامراتلىرىغا گىلەم، ئۇن، ماي، گۆش، كىيىم ئېلىپ بەردى، 4 يىلدىن بۇيان ئۈچ قېتىمدا ئۆزى باشلامچى بولۇپ 1020 يۈەن پۇل چىقىرىپ 11 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلدى،

(يۇنۇس سادىق)

▲ ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرىدىكى دىنىي زاتلار داۋالىنىۋاتقان ئىككى نامرات ئوقۇغۇچىغا 1454 يۈەن ياردەم قىلدى.

(ھەسەنجان، تۇرسۇن تۇنىياز)

▲ كېرىيە ناھىيە يېڭىباغ يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە 1075 يۈەن ئىئانە قىلدى. (مەتقاسىم ئابدۇۋەلى)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▲ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 5409 ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىسى بۇ يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان بىر تۈركۈم نامرات دېھقانلارغا ئۆز يېنىدىن 1 مىليون 101مىڭ 900 يۈەن نەق پۇل ياردەم بەردى.

(سىدىق تۇردى، تۇرۇپ ئەمەت)

▲ لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزىسى بەگئېرىق كەنتىنىڭ مەسچىتى كونىراپ خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقتىن بۇ مەسچىتنى يېڭىلاپ سېلىشقا مەسچىت جامائىتى 103 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. ھاڭگىيا يېزىسى ساقال كەنتى مەسچىتى جامائىتىمۇ بۇ كەنت مەسچىتىنىڭ يېڭىلىنىشى ئۈچۈن 93 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. يەنە ھاڭگىيا يېزىسى ئاچما ئېرىق كەنتىدىكى جامائەت شولاق مەسچىتىنىڭ قايتا رېمونت قىلىنىشىغا جەمئىي 26 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. يۇقىرىقى ئۈچ مەسچىتنى يېڭىدىن چىدامىلىق قىلىپ سېلىش ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ، ئىش باشلاندى.

(ئەلىمەردان ئابدۇللا)

▲ قاغىلىق تاشيول باش ئوچاستكىسىدىكى تاشيولچىلار ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىن 2006 - يىل 4 - ئايغىچە جەمئىي 17 مىڭ 242 يۈەن پۇل چىقىرىپ، بىر خىزمەتدىشىنىڭ داۋالىنىشىغا ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى. (سىدىق تۇردى، مىجىت ئابدۇۋاھىت )

▲ ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدىكى بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر دېھقانلارنىڭ چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا 40 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. چاسامەسچىت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ 7500 يۈەن ياردەم قىلدى. (مۇساجان ياسىن)

▲ ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزىسى 4 - كەنت، 12 - كەنت 2 - مەھەللە، 13 - كەنت، 18 - كەنت 1 - مەھەللە مەسچىتى جەمئىي 11مىڭ 700 يۈەن پۇل چىقىرىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ياردەم قىلدى. شۇ يېزىدىكى بېيىغان دېھقان سەمەت ئابدۇراخمان بىلەن ئابلا ئابدۇراخمان 4000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ جوزا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى.

(ھەسەن داۋۇت)

▲ بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بىڭتۇەن 3 - دىۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان 8 - لىيەن ئىشچىسى تۇرسۇنجان تۇراق باش مەيدان 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 2000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (سەمەت ئابلىز، مەمتىمىن قۇربان)

▲ بىڭتۇەن 3 - دىۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1100 يۈەن ئىئانە توپلاپ بۇ مەكتەپنىڭ نامرات، تۇل قالغان ئايال ئىشچىسىنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

(ھاتەمگۈل يۈسۈپ)

▲ بىڭتۇەن 3 - دىۋىزىيە 51 - تۇەن 3 - لىيەندىكى بارلىق كادىرلار 3798 يۈەن ئىئانە توپلاپ، شۇ لىيەندىكى بىر يېتىم قىزنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا ياردەم قىلدى. يەنە بۇ لىيەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىندىن بۇيان 48000 يۈەن نەق پۇل، كۆپ مىقداردا ماددىي بۇيۇم، 4560 كىلوگرام ئاشلىق يىغىپ، نامرات ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. يەنە 19 - لىيەن ئەزاسى ئابلىكىم ئىبراھىم 2500 يۈەن چىقىرىپ بىر بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى، 12 - لىيەننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئىسمائىل مەمەت بىر نەچچە نامرات ئائىلىلەرگە 10مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە

www.uyghurkitap.com

ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. 11 ـ لىيەندىكى يەككە تىجارەتچى ئابدۇۋەلى هوشۇر ئانا مەكتىپى 51 ـ تۇەن مەركىزىي مەكتىپىدىكى نامرات، يېتىم ئوقۇغۇچىلارغا 7000 يۈەن قىممەتتىدە كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەردى. 51 ـ تۇن دوختۇرخانىسىدىن پېنسىيىگە چىققان دوختۇر ئابلەت تۇردى ۋە هوشۇر باقى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىزچىل ياردەم بېرىپ كېلىۋاتاتتى، يېقىندا ئۇلار يەنە 27 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 1000 يۈەن پۇل ئېلىپ بېرىپ، مەركىزىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەردى. 6 ـ لىيەندىكى خۇدۇيۇم قاسىم قاتارلىق 10 كىشى 3000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، يامغۇردا بۇزۇلغان بەش ئورۇنغا كۆۋرۈك، شېغىل يول ياسىتىپ بەردى. 51 ـ تۇەن مىللىي 2 ـ مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار 1500 يۈەن نەق پۇل توپلاپ، نامرات بىر ئوقۇغۇچىنىڭ داۋالىنىشىغا ئىئانە قىلدى. (مۆمىنجان قادىر، گۈلنۇر توختى)

▲ 3 ـ دېۋىزىيە 51 ـ تۇەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى دەم ئېلىشقا چىققان بىر ئىشچىنىڭ هادىسىگە ئۇچرىغان ئوغلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن 15مىڭ 640يۈەن ياردەم قىلدى. (هەسەنجان قۇربان، غېنى روزى)

▲ باي ناهىيە بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى، باي ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئارزۇگۈل قادىر يېقىندا بۇلۇڭ يېزا ياسىرىم كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 1500 قىممىتىدە ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى. (هەسەن ئابدۇۋەلى)

▲ بۇ يىل بېشىدا خوتەن شەهرىدىكى تىجارەتچى ئابدۇراخمان جاپپار 3000 يۈەنگە ئۆن سېتىۋېلىپ، ئىلچى يېزا توپچا كەنتىدىكى 40ئائىلىلىك نامراتقا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. (ئېلىئەكبەر جېلىل)

▲ پوسكام ناهىيە كۆيباغ نېفت بازىرىدىكى ئاشپەز ئادىلجان ئىمىن تېز تاماقخانا ئېچىپ بېيىغاندىن كېيىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، كۆيباغ بازارلىق 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە 2700 يۈەن سەرپ قىلىپ، تۇرۇبا سۈيى تارتىپ بەردى، بۇلتۇر بۇ مەكتەپتىكى بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغان نامرات بىر ئوقۇغۇچىنى 3370 يۈەن خەجلەپ داۋالىتىپ ساقايتتى، ئۇ يېقىندا يەنە 8700 يۈەن چىقىرىپ بۇ مەكتەپكە ئوقۇتۇش ئەسلىهەلىرى ئېلىپ بەردى. (مۇساجان ياسىن)

▲ سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى مۇهەممەت رەهىم مەتنۇر هاجى 18 كىشىنى ئۆز كارخانىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇلاردىن ئىككى كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ داۋالىنىشىغا 5000 يۈەن ياردەم قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ نامراتلارغا جەمئىي 10مىڭ يۈەن، مائارىپقا 3000 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(هېزىمجان سەيدەخمەت، كامىلجان مەتىمىن)

▲ بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بىگتۇەن 3 ـ دېۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان 1 ـ لىيەندىكى خىزمەتچى ئاما دەم ئېلىشقا چىققان بىر ئىشچىنىڭ داۋالىنىشىغا 1250يۈەن ياردەم قىلدى.

(سەمەت ئابلىز، تۇرسۇن قادىر)

▲ بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىگتۇەن 3 ـ دېۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان بازىرىدىكى گۈلىستان مىجىت، هاۋانىسا قاتارلىقلار 730 يۈەن پۇل يىغىپ بىر بىمارغا ياردەم قىلدى. (هاتەمگۈل يۈسۈپ)

## قىسقا خەۋەرلەر

▲ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قەشقەر شەهىرىگە كېلىپ دىنىي خىزمەتلەرنى، جۈملىدىن قەشقەر هېيتگاه جامەسى، پاختەكلى يېزا3 ـ كەنت مەسچىتى ۋە شامالباغ 7 ـ كەنت مەسچىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، دىنىي زاتلار بىلەن سەمىمىي سۆهبەتلەشتى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن قەشقەر شەهەرلىك پارتكوم يىغىن زالىدا قەشقەر شەهىرىدىكى ... دىنىي زاتلار بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزدى. (نىجات غوپۇر)

▲ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 ـ ، 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، خوتەن ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، تەۋەككۈل يېزا قاقشال كەنت قۇمبويى خانىقاسىنىڭ خاتىپى، كۆزگە كۆرۈنگەن تېۋىپ ئابدۇغوپۇر مەخسۇم هاجى 2006 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 69 يېشىدا ۋاپات بولدى. (خوتەن ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ ، 20 ـ كۈنلىرى ئاقسۇ شەهىرى ئايكۆل بازىرىدىكى 85 دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ 126 نەپەر ئىمام ـ خاتىپىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

▲ خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، گۇما ناهىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، گۇما ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇهەممەتخان داموللا هاجى 2006 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 75 يېشىدا ۋاپات بولدى. (ئابدۇلئەهەت ئالىم)

▲ ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا خۇشۇت ناهىيىسىدىكى 19 ئائىلە دىنى زاتلار 3700 يۈەن قىممىتىدىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياردىمىگە ئېرىشتى. (هامۇت مامۇت)

▲ مەكىت ناهىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئائىلىلىرىدە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياسىلىپ سىناقتىن ئۆتتى، پاتقاق گازى كۆلچىكى كېرەكسىز نەرسىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئەپلىك بولۇپ، پاكىز ئېنېرگىيە هېسابلىنىدۇ، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېهقان چارۋىچىلارنىڭ يورۇقلۇق، يېقىلغۇ ئېهتىياجىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

(مەكىت ناهىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ ئاقسۇ شەهىرىدىكى دىنىي زاتلار زەهەرلىك چېكىملىك چېكىشنى توسۇش تەشۋىقاتىغا پائال قاتناشتى. مەسچىتلەردە ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقات 379 قېتىمغا، ئاڭلىغۇچىلار 27مىڭ 691 ئادەم قېتىمغا يەتتى. (ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

## جايلاردا سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس قارىشىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى

▲ قەشقەر شەهەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شەرەپ ـ نومۇس قارىشى مەزمۇن قىلىنغان سۆهبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى، يىغىنغا شەهەرگە قاراشلىق يېزا، كوچا باشقارمىلاردىن بولۇپ 40 قا يېقىن دىنىي زات ۋەكىلى قاتناشتى. (نىجات غوپۇر)

▲ يېقىندىن بۇيان ئاقسۇ شەهەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 404 دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە ۋەزىپىدىكى دىنىي خادىملارغا شەرەپ ـ نومۇس قارىشى توغرىسىدا تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىپ بەردى.

(ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

▲ يەكەن ناهىيە خاڭدى بازىرىدىكى 98 نەپەر دىنىي زات سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس قارىشىنى تىكلەش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. (ئابدۇراخمان نۇرمەهەممەت)

▲ لوپ ناهىيىسىدە قانۇنلۇق هالدا دىنىي بىلىم ئېلىۋاتقان تالىپلار بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە «دىن ئىشلىرى نىزامى» ۋە شەرەپ ـ نومۇس قارىشى هەققىدە لېكسىيە ئاڭلىدى. (تۇرسۇنتوختى مەتىمىن)



ئىسمائىل تىلىۋالدى، شاۋكەت ئىمىن قاتارلىق ئاپتونوم
رايون رەھبەرلىرى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى شىنجاڭ ئىسلام
ئىنستىتۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.



رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مەككە مۇكەررەمەدە
ئۆتكۈزۈلگەن «تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملىرى
مۇنبىرى» تەتقىقات يىغىنىدا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش
كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئابدۇل مۇھسىن تۈركى بىلەن كۆرۈشتى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن
گۇاڭيۈەن 5-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى
كۆزدىن كەچۈردى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى «ئەزھەر
ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك
خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشقاندا مەكتەپ مۇدىرى
ئەھمەد تايىب بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
جياڭ جيەنيۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ
ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان 2001-يىللىق شىنجاڭ سىنىپى تالىپلىرى
بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى
مەككە مۇكەررەمەدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ
مۇئاۋىن ۋەزىرى ھاتىم ھەسەن قازى بىلەن كۆرۈشتى.



دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى
جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان 2001-يىللىق
شىنجاڭ سىنىپى تالىپلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 4-
ئاينىڭ 27-كۈندىن 30-كۈنىگىچە ئۈچ خىل تىلدا 3-
نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە
باھالىغۇچىلار ۋەز-تەبلىغچىلەرگە نومۇر قويماقتا.

## 8 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپى



رەئىس: ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن


مۇئاۋىن رەئىسلەر:



ئابدۇللەتىپ داموللا ھاجى



مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي



ھەببۇللا شى شىگل



ئابدۇللا خەن شىڭگۈي



ھاجى ئەكبەر قوگۇر



ئىبراھىم ۋۇ يىيى




يۈسۈف لىيۇ باۋچى




ئىبراھىم دىڭ ۋېنف



نىياز قارى ھاجى



مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجى



جۇمە داموللا ھاجى



سۇلايمان ما كەيشەن



يۈسۈف ما ئەنتەي



ئىبراھىم خۇاڭ چاڭيۇ
(قوشۇمچە باش كاتىپ



يەھيا ما ۋېنيۈن




مۇستافا ياڭ جىبو



ئادىلجان ھاجى كېرەم


# 8 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى


نۇئمان ماشيەن


خەن مەنسۇر


ئابدۇرېھىم ئىمىن


مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى


ئەلى ليۇشۇشياڭ


مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ


شەمشىدىن ھاجى


خالىد ياڭ زۇڭشەن



①



②



③

① يېڭىدىن سايلانغان 8 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

② جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

③ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.